

# ئەدەپ - ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ئەسەد شاھىدى ئۈچۈن سەمىمىي تۇغقانلىق سۆيگۈل سوۋغام.
بارات ئىمىن دىن.

图书在版编目(CIP)数据

德行叮嘱/艾则孜著. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,
2004.12
ISBN 7－228－09200－7

Ⅰ.德... Ⅱ.艾... Ⅲ.个人—修养—通俗读物—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B825－49

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2004) 第 140647 号

策划者:艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑:孜来哈·艾则孜
责任校对: 木尼拉·木萨江
封面设计:亚里坤江·司马义·乌依古尔

德行叮嘱(维吾尔文)

艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
杰力力·吾买尔　编

*　*　*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷

*　*　*

850×1168 毫米　24 开本　6.5 印张
2004 年 12 月第 1 版　2004 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7－228－09200－7　定价:12.00 元

# كىرىش سۆز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتىرەم ئوقۇرمەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەلنىڭ خىزمىتىگە بەخش ئەتكەن دانىشمەنلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىلمىي مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى سۆز قىلىپ:

— مۆھتىرەم ئەھلى ئىلىملەرگە ئايانكى، ھەربىر ئەل ئۆزىگە مۇناسىپ خۇي - پەيلى ئارقىلىق ھاياتلىق دەرىخىنى ياشنىتىدۇ. ئۇنىڭ خۇي - پەيلى زامان تەقەززاسى سەۋەبلىك مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىسىمۇ، لېكىن ئەسلى ئانا مەنبەسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى زۆرۈر ئىدى. ئەمما كۆزىتىمپ باقمىدىغان بولساق، بىزدە ھېچقايسى ئەلنىڭكىگە ۋە ياكى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خۇلق - ئادەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەتتا تېخى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۇچۇن قان تەر سىڭدۈرگەن قىز - ئوغلانلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان زامانىۋى « ماڭقۇرت » لار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇنىڭغا بىر تەدبىر قىلىش زۆرۈر ئىدى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر دانىشمەن سۆز قىلىپ:

— بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىكەن. مەلۇمكى، بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شەمسۇلمائالى قابۇس... كەبى مۆتىۋەر زاتلىرىمىز خەلقنى ئەدەپ - ئەخلاققا دەۋەت قىلىدىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمايۋاتىمىز. مۇمكىن بولسا ئەنە شۇ قاتاردىكى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىكى جاۋاھىراتلارنى دەۋرىمىز بىلەن باغلاپ تېخىمۇ

چۈشىنىشلىك بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق دەرسلىكى ئىشلەنسە ۋە شۇ قاتاردا تارىخىمىزدا ئۆتۈپ ئارىمىزدىن كەتكەن مەرھۇم قىز ـ ئوغلانلىرىمىزنىڭ قىسقىچە ھايات ئالبومى روياپقا چىقسا ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ياخشى بىر قوللانما ھازىرلانغان بولاتتى، — دەپتۇ. بۇ پىكىرنى ھەممە بىردەك ماقۇللىشىپ ئۇنى ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپتۇ. بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق بۇگۈنگىچە ئېلان قىلىنىپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بىر قاتار كىتاب ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە ئىش قوشۇش نەتىجىسىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ئەخلاقىي تەربىيىگە ئىگە قىلالايدىغان بايانلارنى قەلەمگە ئېلىپ دىققىتىڭىزگە سۇندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كىتابتا تارىخىمىزدا يارقىن ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئارىمىزدىن كەتكەن 148 نەپەر قىز ـ ئوغلاننىڭ سۈرىتى ۋە قىسقىچە ھايات تارىخىنى قوشۇمچە قىلىپ تونۇشتۇردۇق. بۇ جەرياندا بىز « قۇتادغۇبىلىك »، « قابۇسنامە »، « مۇقەددەس نەسىھەتلەر ۋە ۋەسىيەتلەر »، « دانىشمەنلەر ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا »، « ھېكايەتلەر »، « كەلىلە ۋە دىمنە »، « سەھىھ ھەدىسلەر »، « بەختلىك بولاي دېسىڭىز »، « ئائىلە »، « شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر » ... قاتارلىق كىتابلار ۋە « مىراس »، « بۇلاق »، « شىنجاڭ سەنئىتى » ... قاتارلىق ژۇرناللاردىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلاندۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى كىتاب ـ ژۇرناللاردىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ئالاھىدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. سەۋىيىمىز چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك تەييارلىغان بايانلىرىمىزدا نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ ئېتىكى بىلەن يېتەكچىلىكىنى سورايمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

## مۇندەرىجە


1. جامائەت سورۇنى ئەخلاقى ........ 1
2. قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى ........ 8
3. دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاقى ........ 14
4. كېسەل يوقلاش ئەخلاقى ........ 25
5. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ئەخلاقى ........ 29
6. قېينانىنىڭ ئەخلاقى ........ 35
7. كېلىنلەرنىڭ ئەخلاقى ........ 48
8. كۈيئوغۇلنىڭ ئەخلاقى ........ 70
9. ئۆزۈقلىنىش ئەخلاقى ........ 79
10. قېرىلىق ئەخلاقى ........ 94
11. سىر ساقلاش ئەخلاقى ........ 104
12. قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئەخلاقى ........ 109
13. قۇدىلارنىڭ ئەخلاقى ........ 112

سالام بېرىش پەرز ، ئىلىك ئېلىش قەرز ........ 116

ئىنسانلىقنىڭ ئالىي بەلگىسى ........ 116

سالام بېرىلمەيدىغان پەيتلەر ........ 119
سالاملىشىشنىڭ بۇزۇلۇش ھاللىرى ........ 120
ئىنسانلىقنىڭ ئاددىي بەلگىلىرى ........ 121
سالام مېھرى ........ 126
نەسىھەتى ئاما ........ ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرى 128
ئابدۇقادىر داموللام ئۇگۇتلىرى ........ 132

# 1. جامائەت سورۇنى ئەخلاقى

*ھەرىكىتىدىن خەلق بولمىسا رازى ،*
*ئۇ بولۇر يۈزىلىڭ بالاغا مۇپتىلا .*

« دانىشمەنلەر ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا » دىن

سىزگە مەلۇمكى، ئادەم ئۆز ھاياتىدا تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت، سەيلى ـ ساياھەت قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تۈرلۈك جامائەت سورۇنلىرىغا ( ئاممىۋى سورۇن ) ئىشتىراك ئېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ سورۇندىكى ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولىدۇ. مۇبادا سىز ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بولىمەن دېسىڭىز ، تۆۋەندىكى ئاممىۋى سورۇن ئەخلاقىغا رىئايە قىلمىقىڭىز زۆرۈر:

1 . جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ياكى تۆرگە چىقىپ ئولتۇرماڭ، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەڭ، ئورنىڭىزنى تېپىپ ئولتۇرۇڭ. چوڭلار تۆرگە تەكلىپ قىلسا چىرايلىقچە رەت قىلىڭ. چوڭلارنىڭ ئالدىدا پۇتىڭىزنى مىنگەشتۈرۈپ ياكى سوزۇپ ئولتۇرماڭ، ئولتۇرغان ئورنىڭىزنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەرمەڭ، ئۆتۈنۈپ بېرىۋەرسىڭىز پەگاغا بېرىپ قالىسىز ـ دە، ھۆرمىتىڭىزنى تۆكۈۋالىسىز.

2 . يېنىڭىزدىكىلەر بىلەن كۇسۇرلىشىپ ، قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ پاراڭلاشماڭ ،





مەھمۇت قەشقەرى
( 1008 ~ 1105)

بۈيۈك ئالىم ، تىلشۇناس. شاھانە ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ مۇئەللىپى . ئۇ خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ ، بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت ، قەشقەردە مەدرىسە ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم بولىسىمۇ ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . ئەمما 97 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم.

باشقىلار بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشمەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۈچ كىشى بولساڭلار، ئىككىڭلار بىرلىشىپ، ئۈچىنچى شەخسكە ئاڭلاتماي، پىچىرلاپ گەپلەشمەڭلار، چۈنكى، بۇ ئۇنى غەم - ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ!» دېگەن.

3. سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن بولسىڭىز، سورۇندىكىلەرگە ئەدەپ بىلەن ئوڭ قولىڭىزنى كۆكسىڭىزگە قويۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىڭ - دە، ئازادىرەك بىرجايىنى تېپىپ ئولتۇرۇڭ. سالام بەرمەي كىرىپ غىپپىدە ئولتۇرۇۋالماڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سالام بېرىپ كىرمىگەن ئادەمنى ھۇزۇرۇڭلاردا تۇتماڭلار» دېگەن. بۇ، سالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. سورۇنغا كىرگەندە، باشقىلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ئولتۇرماڭ، بۇنداق قىلسىڭىز، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى رۇخسەتسىز ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس» دېگەن.

4. ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چەكمەڭ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەڭ، ئادەملەرگە قاراپ كېرىلمەڭ، بۇرنىڭىزنى قاشلىماڭ، چىشىڭىزنى، بۇرنىڭىزنى كولىماڭ، چۈشكۈرۈك كەلسە، ئەسنەك تۇتسا، قولىڭىز ياكى قولياغلىقىڭىز بىلەن ئېغىزىڭىزنى توسۇۋېلىڭ. ئېتىكىڭىز ياكى چاپان، كۆينىكىڭىزنىڭ يېڭى، پېشى بىلەن يۈزىڭىزنى، بۇرنىڭىزنى سۈرتمەڭ.

5. ئاممىۋى سورۇنلاردا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن باشقىلارنى چاقىرماڭ، قاقاقلاپ كۈلمەڭ، بىراۋنى زورمۇزور كۈلدۈرمەڭ، باشقىلارغا تىكىلىپ قاراۋەرمەڭ، ئۇنداق قىلسىڭىز، باشقىلارنى ئۇيۇلدۇرۇپ قويىسىز. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائى «ئەدەپسىزلىكنىڭ بىر بەلگىسى ئورۇنسىز كۈلكىدۇر، قارا، كەكلىك ئۆز كۈلكىسىدە بېشىغا بالا كەلتۈرىدۇ، غۇنچە كۈلۈپ ئېچىلىپ، ئارقىدىن توزۇيدۇ» دېگەن.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(1018 ~ 1085)

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 880 — 1212 - يىللار) مەيدانغا چىقىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» («بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم») ناملىق زور ھەجىملىك داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۈيۈك بىر ئابىدە تىكلىگەن شائىر. ئۇنىڭ بۇ دېداكتىك داستانى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىلىم مەنبەسى ئارقىلىق كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان.

6. ئاممىۋى سورۇنلاردا مېۋە ـ چېۋە، كەمپۈت، شاكىلات قاتارلىقلارنى يېمەڭ، سېغىز كەمپۈت چايناماڭ، گازىر ـ پۇرچاق چاقماڭ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىڭ، كەمپۈت قەغىزى، پارچە ـ پۇرات قەغەز، مېۋە شۆپىكى قاتارلىقلارنى خالىغان يەرگە تاشلىماڭ.

7. يىغىن، يىغىلىشلاردا بېشىڭىزنى سائىگىلىتىپ مۈگدەپ ئولتۇرماڭ، يېنىڭىزدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭ، ئىنتىزامنى ساقلاڭ، تۈت ئەتراپىڭىزغا مەقسەتسىزلا قاراۋەرمەڭ، بۇنداق قىلمىش ئەخلاقسىزلىقتۇر.

8. ئاممىۋى سورۇننىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئاسراڭ، باشقىلارنىڭ ئاسرىماۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز «نېمە كارىم، مېنىڭ ئەمەسقۇ» دېمەي، ئۇلارنى توسۇڭ. ئاممىۋى سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ يورۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان تاش، كېسەك، ئەينەك پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىڭ.

ھەدىستە «يولدا ياتقان تىكەن شاخلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان ئادەمنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئاللا كەچۈرىدۇ» دېيىلگەن.

9. كوچىلاردا، بازار ـ رەستىلەردە، سودا ـ سېتىق ئورۇنلىرىدا مەقسەتسىز تولىشىۋېلىپ باشقىلارنىڭ بىمالال يورۇشىگە ۋە سودا تىجارىتىگە دەخلى يەتكۈزمەڭ. بۇنداق قىلسىڭىز، باشقىلار ئاشكارا بىر نېمە دېمىسىمۇ كۆڭلىدە سىزدىن نارازى بولىدۇ.

10. ئەگەر سىز تىياتىر، كونسېرت، كىنو قاتارلىق سورۇنلارغا بارسىڭىز، باشقىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشتىن، پۇتىغا دەسسىۋېلىشتىن، باشقىلارنى توسۇۋېلىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەپۇ سوراڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، تۆۋەندىكى مەسىلىدىكى ئېيىقچاقنىڭ قىزارغىنىدەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ



فارابى

( 950 — 870 )

«شەرق ئارستوتېلى» نامى بىلەن تونۇلغان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى پۈتكۈل ھاياتىنى، بارلىق زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نادىر، مول ۋە ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر جاھان ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق دۇنياسىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغىمۇ سالماق تەسىر كۆرسەتكەن.

قالىمىز.

ئويۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئېيىقچاق سەھنىنىڭ ئالدىغا بىر ئۇلاماقچى بولدى ـ دە، سىغدىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلار ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، قايسىدۇر بىرىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى، قايسىدۇر بىرىنى گەۋدىسى بىلەن سوقۇپ يىقىتىۋەتتى ... ئۇ باشقىلارنىڭ قاقشاشلىرىغا، ئەيىبلەشلىرىگە قارىماي، بالىسىنى باغرىغا باسقان پېتى بىر يىلىپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان مۇلۇن بىلەن تېيىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى. مۇلۇنچاق قورقىنىدىن چىرقىرىۋەتتى، ئۇزۇن قۇيرۇقى ئېيىقچاقنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان تېيىن ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتى. ئېيىقچاق يوغان گەۋدىسى بىلەن سەھنىنى توسۇۋالغاچقا، ئويۇننى كۆرەلمىگەن كىچىك ھايۋانلار چۇرقىراشقىلى تۇردى. ئويۇن تەرتىپى بۇزۇلدى...

— ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۇقماسەن بالام؟ — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان قېرى مايمۇن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — شۇنچىۋالا بويۇڭ بىلەن مۇشۇنداق بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلساڭ ئۆزۈڭگە سەت ئەمەسمۇ؟

— سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — دېدى ئېيىقچاق قوپاللىق بىلەن، — نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن.

— بولدى، باشقا گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، — دېدى مايمۇن ئۇنىڭ بىشەملىكىدىن بىزار بولۇپ، ئاۋۋال كۆپچىلىكنى خاتىرجەم ئويۇن كۆرگىلى قوي!

— تازا گەپ بولدى ـ دە، — دېدى ئېيىقچاق مەسخىرە ئارىلاش، — ئۇلارنى ئويۇن كۆرگىلى قويماي كۆزىنى ئېتىۋاپتىمەنمۇ؟

— ھەممىنىڭ ئالدىدا پوتەيدەك چوقچىيىپ ئولتۇرساڭ، بىزدەك جۇغى كىچىك، بويى پاكارلار قانداق كۆرەلەيمىز؟ — توشقانچاق ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي غۇدۇڭشىپ قويدى.





ئەلىشىر نەۋائى
(1441 — 1501)

شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈلتاجى بولغان، ئىجادى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئىپتىخارى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ھىراتتا تۇغۇلغان ۋە يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق دىۋانى بىلەن «خەمسە» ناملىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ھەر تەرەپتىن ئېيىقچاقنى ئەيىبلىگەن غەزەپلىك سادالار كۆتۈرۈلدى، غۇلغۇلا باشلاندى. ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى. ھەممەيلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تارقىدى. ئېيىقچاق غادايغىنىچە ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا ھايۋانلار تاغدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن: « ۋايجان، قۇتقۇزۇڭلار! » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئېيىقچاقنىڭ ئاۋازىمۇ نېمە؟ — دېدى مايمۇن قوچقىقىدىكى مولۇنچاقنى ئانا مولۇنغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، — مەن ئاۋۋال بېرىپ قاراپ باقاي، سىلەر ئارقىدىن بېرىڭلار!

ئاۋاز چىققان جايغا ئۇچقاندەك يېتىپ بارغان مايمۇن ئېڭىلىپ كېتىپ چوڭقۇر جىلغا ئۈستىدە تاشقا ئېسىلىپ ساڭگىلاپ قالغان ئېيىقچاقنى كۆرۈپ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئېيىقچاق چۈشۈپلا كەتسە، كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتەتتى. مايمۇن ئېگىلىنىپ ئۇلتۇرمايلا چاققانلىق بىلەن ئېيىقچاق ئېسىلىپ قالغان تاش ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، قۇيرۇقىنى بىر تاغقا چىرمىۋېلىپ ئۆزىنى ئالدىغا تاشلاپ ئېيىقچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ ئاخىر مايمۇننىڭ ياردىمىدە تاش ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭغىچە مولۇن، تىيىن، توشقانچاقلار يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئاز سۈرۈلۈپ كەتكەن يەرلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئېيىقچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزىنىڭ باياتىنقى قوپاللىق، ئەدەپسىزلىكلىرى « يالت » قىلىپ ئۆتۈپ، خىجىللىقتىن يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

11. ئەگەر سىز توي ـ تۆكۈنلەرگە بارسىڭىز، توي ئىگىسى بىلەن تەڭ خۇشاللىنىڭكى، بولمىغۇر ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن توي شادلىقىنى بۇزماڭ. تويدا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭ، كەلسە ـ كەلمەس باھا بەرمەڭ. ئەگەر سىز ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ سورۇنلىرىغا بېرىپ قالسىڭىز، مەرھۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە



سۇلتان سەئىدخان

( 1490 — 1533 )

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، شائىر سۇلتان سەئىدخان ئىستېداتلىق، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن، يەكەن خانلىقىدا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن. سۇلتان سەئىدخانمۇ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، ئەمما دەۋرىمىزگە كۆپ يېتىپ كېلەلمىگەن. سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە 43 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئورتاقلىشىپ ھازا ئېچىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈڭ، ھېسداشلىق قىلىڭ. « قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلىش » نى، ئىنسانىنىڭ ھامان بىر كۈنى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بېرىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمكى بېشىغا مۇسىبەت چۈشكەن ئادەمدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، تەسەللى بەرسە، شۇ مۇسىبەتلىك ئادەمگە بېرىلىدىغان ساۋاب مىقدارىدىكى ساۋابقا ئىگە بولىدۇ » دېگەن.

تۇپراق بېشىدا، نەزىر - چىراغ سورۇنىدا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرماڭ، چاقچاقلىشىپ كۈلمەڭ، ھازىدار بىلەن بىرلىكتە مەرھۇمغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇڭ. ھەرگىزمۇ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ پەقەت ياخشى سۈپەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، يامان سۈپەتلىرىدىن تىلىڭلارنى يىغىڭلار » دېگەن.

12. ئاممىۋى سورۇنلاردا باشقىلارغا قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭ، يەنى ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭ. جېدەل - ماجىرا بولسا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ چىرايلىقچە ئايرىپ قويۇڭ، يولدىن ئازغانلار يول سورىسا كۆرسىتىپ قويۇڭ ياكى كوچا بېشىغىچە ئېرىنمەي باشلاپ بېرىڭ. كارىڭىز بولماي ئۆتۈپ كەتمەڭ، شۇنداق قىلسىڭىز مەسچىتكە كىرىپ ھېچكىم بىلەن كارىڭىز بولماي تائەت - ئىبادەت قىلغاندىن ئارتۇق ھۆرمەتكە ۋە ساۋابقا ئېرىشىسىز، ئىشەنمىسىڭىز « نەۋائى بىلەن مەدىكار » نىڭ ھېكايىسىگە قۇلاق سېلىڭ.

*بىر ياش يىگىت مەدىكارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ شۇ جەريانىدا ئادەملەر ئارىسىدا بولغان جېدەل - ماجىرانى بېسىقتۇرۇپ، بىراۋنىڭ ھارۋىسى پېتىپ قالسا « ھە - ھۇ » دەپ چىقىرىپ بېرىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ يۈرىدىكەن. يىگىتتىكى بۇ خىسلەتلەرنى كۆرگەن نەۋائى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، قاچان كۆرسە ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بېرىپ ئۆتىدىكەن. يىگىت نەۋائىنىڭ بۇ ھۆرمىتىگە ئەجەبلىنىپ : « مەن ئەتىدىن - كەچكىچە ئادەملەرنىڭ*



ئۆمەر ھەييام

( 1123 — 1040 )

نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ سالجۇق تۈرك شاھلىرىدىن مالىك شاھ ھوزۇرىدا، ۋەزىر نىزامىمۇلىك ھامىيلىقىدا « مالىك شاھ ئاسترونومىيلىك جەدۋىلى » نى ئىشلەپ، سالجۇقىيلار كالېندارىنى تۈزگەن. ئۇ « ھېساب مەسىلىلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە ئىسپاتى »، « ئارقىمېتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر » ... قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە كۆپلىگەن ئۆتكۈر پىكىرلىك رۇبائىيلارنى يېزىپ، خەلق قەلبىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

جېدەل - ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ، لايىغا پېتىپ قالغان ھارۋىلىرىنى چىقىرىشىپ بېرىپلا يۈرسەم، ناماز ئوقۇمىسام، روزا تۇتمىسام، يەنە نېمە ئۈچۈن ئەۋلىيا مېنى مۇنچىلىك ھۆرمەت قىلىدۇ، بۇنداق يۈرۈشۈم تازا جايىدا بولمىدى، مېنىڭ بالا - چاقام بولمىغاندىكىن ماڭا مال - دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار » دەپ، بىر مەسچىتتە كۆپ بويى ھېچكىم بىلەن چاتىقى بولماي تائەت - ئىبادەت بىلەن ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت مەسچىتتە تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغانىكەن، ئەۋلىيا مەسچىتنىڭ ئالدىدىن بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى يىگىت : « ئەۋلىيا ئاجايىپ كارامەت ئادەم ئىكەن، مېنىڭ نامازخان بولۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلىپ مېنى ھۆرمەت قىلغانىكەن » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن سالام بېرىپتۇ. ئەۋلىيا تەزىم - سالامنى ئېلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت : « ئەۋلىيا يېنىدىكى كىشىنىڭ گېپىگە بېرىلىپ كېتىپ مېنى كۆرمەي قالغان بولسا كېرەك » دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئەۋلىيا يەنە مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. مەسچىتتىكى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. ئەۋلىيا يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ ئەۋلىيادىن :

— تەقسىر، كۆپ بويى بىكار يۈرگىنىمدە سالام بېرىپ ئۆتەر ئىدىڭىز، ئەمدى مەن ئەتىدىن كەچكىچە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئولتۇرۇپ سىزگە سالام بەرسەم، ئېلىك ئالمايسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن لاغايلاپ يۈرگىنىڭدە خەلققە پايداڭ تېگىپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا ئەتىگەنلىك ناشتاڭ بىلەن كەچقۇرۇنلۇق تامىقىڭنىڭ غېمىدە كۆپ بويى باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تەمە بىلەن ئولتۇرىسەن، سالىمىڭنى ئېلىك ئالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ ! ... — دەپتۇ ئەۋلىيا. ئەۋلىيانىڭ بۇ سۆزلىرى يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ.



سەئدى

( 1203 ~ 1292)

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس شائىرى. ئۇ « بوستان » ۋە « گۈلىستان » ناملىق ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشلۇق. سەئدى ئۆز ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ نامراتلىق ئىچىدە چوڭ بولغان ۋە دەرۋىش بولۇپ، يىگىرمە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن. سەئدى ئاخىرقى ئۆمرىدە شىراز شەھەرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاددىي بىر كەپىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## 2. قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى

*قوشنىلىرىڭ سېنى ئادەم دېسە، دېمەك سەن ياخشى ئادەم. ئەگەر ئۇلار سېنى يامان دېيىشسە، دېمەك سەن يامان ئادەم.*

«سەھىھ ھەدىسلەر» دىن

كىشىلىك جەمئىيەتنى ئائىلىلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئائىلىلەرنىمۇ قوشنىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ياخشى ياكى يامان بولسۇن، قولۇم- قوشنىلىرى بىلەن ئارىلىشىدۇ، بىللە ياشايدۇ، بىرلىكتە بۇ ھايات مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە تاماملايدۇ. بۇ ھايات ئۈزۈلمەي مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ...

شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز قوشنىنىڭ ھايات يولىمىزدىكى مۇھىملىقىنى يىغىنچاقلاپ «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشى زۆرۈردۇر. سىز قولۇم- قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ھەقىقىي ھاياتنىڭ مېھىر- ۋاپاسىنى تەڭ كۆرىمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنداقتا تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭ.

1. قوشنىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتۈڭ، ھەرگىز دۈشمەنلىشىپ قالماڭ، سىز بوسۇ-



بىرۇنى
( 973 — 1044 )

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى خارەزمدە تۇغۇلغان، كېيىن غەزنىگە كۆچۈپ بارغان ھەمدە كۆپ يىل ھىندىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان. «ھىندىستان تەزكىرىسى»، «قەدىمكى يادىكارلىقلار»، «مەسئۇدى ئاسترونومىيىسى ۋە مۇنەججىمشۇناسلىق قائىدىلىرى»... قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە يەر شارىنىڭ مېرىدىئان ۋە پاراللېل گرادۇسلىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال توغرا ئۆلچەپ چىققان ئالىم بولۇپ قالغان.

غىڭىزدىن ئاتلىغان ھامان قوشنىڭىز بىلەن ئۇچرىشىسىز. شۇ چاغدا سىز ئەڭ ئاۋۋال « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ سالام بېرىڭ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەڭ. ياكى قوشنىڭىزنىڭ سالام بېرىشىنى تەمە قىلماڭ. سىز سالامنى بۇرۇن قىلسىڭىز، بۇ سالىمىڭىز قوشنىدارچىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئويغىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « بىر ـ بىرىڭلار بىلەن سالاملىشىپ يۈرۈڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغىنىدۇ » دېگەن.

قوشنىلار ئارا ئۇقۇشماسلىق، كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇقۇشماسلىق، كۆڭۈلسىزلىكنى مۇستەسنا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئاۋۋال سالام قىلىشتۇر.

قوشنىڭىز بىلەن ياخشى ئۆتسىڭىز، كۆڭلىڭىز كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم، پاراغەتتە ئۆتىدۇ. قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئارازلىشىپ، دۈشمەنلىشىپ ئۆتسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئازاب ئىچىدە، كۆڭۈلسىز ئۆتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « بەختسىزلىك ئۈچ نەرسىدىدۇر : ئاتتا، خوتۇندا، ھويلىدا » دېگەن، يەنى يامان ئات، يامان خوتۇن، يامان قوشنىسى بار ھويلا دېگەنلىكتۇر.

2. بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرمەڭ. بالىلارنىڭ يېشى، مىجەزىدىن ئالغاندا ھېلى ئۇرۇشۇپ، ھېلى يەنە بىللە ئوينىشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋاللار تەكرار بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، شۇڭا بالا ئارىسىغا كىرىپ ئارازلىشىپ قالماڭ. ئۆزىڭىزنىڭ بالىسىغا چىقىشىپ ئويناش ھەققىدە كۆپرەك تەلىم بېرىڭكى، ھەرگىزمۇ بالىڭىزنىڭ ئارىسىغا كىرىپ : « قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق » دەپ گۇناھنى قوشنىڭىزنىڭ بالىسىغا ئارتىپ داۋالاشماڭ، كەينىدىن كوتۇلدىماڭ، تەنە قىلماڭ. بۇنداق قىلسىڭىز قوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتكە دەز كېتىپلا قالماي، بالىڭىزنىمۇ ئۆز بېشىمچى، كاززاپ قىلىپ قويىسىز، ئىناۋىتىڭىزنىمۇ تۆكۈۋالىسىز. بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئاداۋەت ساقلىماڭ. پەيغەمبەر



زەلىلى
( 1745 — 1672 )

تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىدىن بىرى. شائىرنىڭ بەزى مىسرالىرىدىن ئۇنى تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ئەمما شائىرنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. « سەپەرنامە » داستانى شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرىدۇر.

ئەلەيھىسسالام : « ھەر دائىم ( ئۇزۇن ۋاقىت ) خۇسۇسەن ئاداۋەت ساقلاش گۇناھكار بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر » دېگەن.

3 . قوشنىلىرىڭىز تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا ياردەم بېرىڭ ، قوشنىلىرىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قوشنىلىرىڭىز تۇرمۇشتا قىينىلىپ پۇل ، نەرسە- كېرەك ئۆتنە سوراپ كىرسە ، قولىڭىزدا بولسىلا ئايىماي ياردەم قىلىڭ . تۇرمۇشتا ئۆزئارا ئۆتنە- يېرىم قىلىشىپ ئۆتۈش ، ئۇششاق ئىستېمال بۇيۇملىرى ، ئۆي سايمانلىرى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلىتىش دائىملىق ئەھۋال. بۇنداق چاغدا بار تۇرۇپ بەرمىسىڭىز ، قوشنىدارچىلىققا يارىمىغان بولىسىز. ئەگەر سىز قوشنىڭىزدىن پۇل، نەرسە- كېرەك ئۆتنە ئالسىڭىز، ئۆز ۋاقتىدا ئۆز پېتى قايتۇرۇڭ. بۇزۇلسا تۈزەڭ ياكى يېڭىدىن سېتىۋېلىپ بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز باردى- كەلدىنىڭ يولى ئېتىلىپ قالمايدۇ ...دە، ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» غان ئەھۋال سادىر بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئالغان قەرزنى چىرايلىق قايتۇرىدىغانلاردۇر » دېگەن.

4 . قوشنىلارنى ھۆرمەتلەڭ. ئۇلارغا ئاش- تاماق سۇنۇپ، قوشنىدارچىلىق ھۆرمىتىڭىزنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىمۇ بىر- بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتۇر. سىز تاماق ئەتكەندە قوشنىڭىز تاماق ئەتسۇن ياكى ئەتمىسۇن، توق ياكى ئاچ بولسۇن، ئەتكەن غىزايىڭىزدىن سۇنۇپ ئۆز ھۆرمىتىڭىزنى ئىپادىلەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى ۋە شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن : « ئى ئەبۇزەر ، شورپا قايناتساڭ سۈيىنى جىقراق قىل ، قوشناڭغا سۇن » ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: « ئىككى قوشنىنىڭ قايسىسىغا نەرسە سۇنىمەن » دەپ سورىغاندا « ئىشىكى ساڭا ئەڭ يېقىنىغا » دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەگەر ئۇ قوشنىڭىز پېقىر- مىسكىن، ئاچ بولسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىڭ. پەيغەمبەر



خاراباتى

( 1730 — 1638 )

شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى ئاقسۇدا ياشىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بارلىق مال- مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپ، ئاشىق سۈپەت كۈن ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ جاھالەتلىك دەۋرانغا قارشى شىكايەتنامىسى بولغان « كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى » ناملىق توپلىمىنى ئىشلەپ چىققان. شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلق ئۇنى ھۆرمەتلەپ ھەيۋەتلىك « ھاجى خاراباتى مەقبەرىسى » ۋە « ھاجى خاراباتى خانىقاسى » نى بىنا قىلىپ، ئۇنى داۋاملىق ئىسلەپ كەلگەن.

ئەلەيھىسسالام : « يېنىدىكى قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆز قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرۈيدىغان ئادەم كامىل مۇسۇلمان ئەمەس » دېگەن.

5. قوشنىلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق جور بولۇڭ، قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇڭ. دەردىگە دەرمان بولۇڭ، قوشنىڭىزغا ياخشىلىق قىلىڭ، ياردەم سورىسا « جان » دەپ ياردەم بېرىڭ. كېسەل بولسا پات ـ پات نەرسە كېرەك ئېلىپ كىرىپ يوقلاڭ. دوختۇرغا كۆرۈنۈشىگە ياردەم قىلىڭ. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا باغاق تارقىتىشتىن باشلاپ ياردەملىشىپ ياخشى قولداش بولۇڭ. ھىمايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىڭ. خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « قوشنىلار بىلەن ياخشى ئالاقىدە بولۇڭلار » دېگەن.

6. ئۆي ياكى يول ئىشلىرىدا قوشنىڭىزنى قىستىماڭ. ئۆزئارا ئالاقىدار نەرسىلەرنى قوشنىڭىزدىن مەسلىھەت سورىماي ساتماڭ ياكى ئىجارىگە بەرمەڭ. قورۇ ـ جاي چېگرىلىرى، قاشا تام، يەر پاسىللىرىنى كېڭىشىپ بېكىتىڭ. ئۆز ئالدىڭىزغا ئىگىلىۋالماڭ. بىكار جايدىن ئورتاق پايدىلىنىڭ، ئېتىز ـ ئېرىقلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ، سەي ـ كۆكتات، زىرائەتلىرىگە زىيان سالماڭ. بىخەستەلىك قىلىپ ياكى ئۇقۇشماي ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ. ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويسىڭىز، زىيىنىنى تۆلەپ بېرىڭ. يۈندى ـ ئەخلەتلىرىڭىزنى قوشنىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ياكى ئۆتەر يولغا تۆكمەڭ.

*ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ ؟*
*ئەل نەپىن دېسە كىم چىن كىشىدۇر ئۇ.*

« ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا » دىن



نىزامى
( 1141 — 1209 )

كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېپىك داستانلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شائىر نىزامى گەنجەۋى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گەنج شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىسلام مەدرىسىدە بىرنەچچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن سىرت، كۆپ ۋاقتىنى ئىجادىيەتكە سەرپ قىلغان. ئۇ يېزىپ چىققان « خەمسە » شەرقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك داستانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شائىر ئەلشىر نەۋائىمۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

7 . قوشنىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز پەرزەنتىڭىزدەك كۆرۈپ، ياخشى ئاسراپ، مېھرىبانلىقىڭىزنى يەتكۈزۈڭ. بولۇپمۇ قوشنىلارنىڭ يېتىم ئوغۇل، يېتىم قىزلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھېيت - ئايەملەردە ھېيتلىق بېرىپ خۇشال قىلىڭ. ئېشىنالىسىڭىز، كىيىم - كېچەك، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىڭ. ئوقۇشتا ئىقتىسادتىن قىينالسا، دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بېرىپ، تۇرمۇش راسخوتىنى تۆلەشكە ياردەملىشىڭ. ئۇلارنىڭ يېتىملىكىنى ھېس قىلدۇرماڭ. ئۇلار سىزنى ياخشى نام بىلەن ئاتايدىغان بولسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « مەن يېتىمگە كېپىللىك قىلغان ئادەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولىمەن » دېگەن. قوشنىلارنىڭ خوتۇن، قىز، كېلىنلىرىگە باشقىچە نەزەر سالماڭ. بۇ شەرمەندىچىلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە: « كىشىنىڭ ئون خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان گۇناھى قوشنىسىنىڭ خوتۇنىنى زىنا قىلغانغا قارىغاندا يەڭگىلرەكتۇر. ئون ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىشنىڭ گۇناھى بىر قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگەندىكىدىن يەڭگىلرەكتۇر » دېيىلگەن.

8 . قوشنىلىرىڭىزنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلماڭ، كەلسە - كەلمەس باھالارنى بەرمەڭ. قوشنىلىرىڭىزغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ. ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنىڭ ياخشىلىقى، ئەمەل دەرىجىڭىزنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى پەس كۆرمەڭ، ئۇلارغا تەكەببۇرلۇق قىلماڭ.

ئۇلۇغ بۇۋىمىز، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « پىتنە - پاساتنىڭ ئەتراپىدا يۈرمىگىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، پىتنە - پاسات قەيەردە بولسا، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ، پىتنە - پاسات بار يەردە دۆلەت تۇرمايدۇ، قاچىدۇ، ئەگەر تۇرسا، ھەيران قالما، ئۇ بىر كېچىلىك مېھمان، خالاس » دەپ توغرا ئېيتقان.

9 . ئۆي - زېمىن سېتىۋالغاندا، قوشنىنى ياخشى تاللاپ، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك



فىردەۋسى

( 1020 — 934 )

« شاھنامە » ناملىق شاھانە ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، مەشھۇر ئىران شائىرى، تولۇق ئىسمى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى. ئۇ بۈگۈنكى ئىران چېگرىسى ئىچىدىكى خۇراسان ئوبلاستىدا دۇنياغا كەلگەن. فىردەۋسىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆز يېرىدە پاتقۇزمىغان بولسىمۇ، ئۇ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، خەلقنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. « شاھنامە » نىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى ۋە پارچىلىرى ھەرقايسى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

قوشنىلار بار ئورۇندىن سېتىۋېلىشنى ئويلىماڭ، ئەگەر قوشنىلىرىڭىز يامان چىقىپ قالسا، كۆچۈپ كەتمىگۈچە ئۇلاردىن قۇتۇلالمايسىز. ئۆي - زېمىنىڭىزنى ساتاي دېسىڭىز نەرقىگە چىقىرىپ ساتالمايسىز. مۇتەپەككۇرلىرىمىز: «ئۆي ئالماقچى بولساڭ، قوشنىسىنى سورا، يەر ئالماقچى بولساڭ سۈيىنى سورا» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغان.

قوشنىلار ئىچىدە ئاتا مىراس قوشنىلار بولىدۇ، ئاتا - ئانىڭىز چىقىشىپ ئولتۇرغان قوشنىلار بىلەن سىز چىقىشىپ ئولتۇرالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئۇنداق ئەھۋالدا ئاتا - ئانا ئىزىدىن مېڭىپ چىقالماسلىقنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىڭىزدىن ئىزدەڭ. ئەگەر يامان قوشنا بىلەن ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، سىزگە سەۋر قىلىش ھەمراھ بولسۇن.

بىر كۈنى بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سەۋر قىل»، يەنە ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم كەلگەندە «سەرەمجانلىرىڭنى يولغا تاشلىۋەت» دېگەن. ئۇ كىشى شۇنداق قىلىۋىدى، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ: «ماڭا قوشنام زىيان يەتكۈزدى» دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئوقۇدى. ئاخىر قوشنىسى كېلىپ ئۇنىڭغا: «نەرسىلىرىڭنى ئۆيۈڭگە قايتۇرۇپ ئەكەت، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دېدى.



تەجەللى

( 1850 — 1930 )

ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئىككى دەۋرنى، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى ھەزرەت قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە 80 يېشىدا ۋاپات بولغان. تەجەللى يېتىلگەن شائىر ۋە تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. ئۇ كۆپ تىللىق شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، پارس، ئەرەب، ھىندى تىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان.

## 3. دوستلۇق، ئاقىنىدارچىلىق ئەخلاقى

***كىشى ئۆز دوستىنىڭ دىيانىتىگە ماسلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا، كىم بىلەن دوستلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئىش كۆرسۇن.***

«سەھىھ ھەدىسلەر» دىن

تەپەككۇر گۈلشىنىدىن گۈلدەستىلەر تېرىۋېلىشقا بېرى بولغان پ. بۇئاست «يالغۇزلۇقتا ياشىغان ئادەم چالا ئۆمۈر كۆرگەن بولىدۇ» دېگەنىكەن.

شۇنداق! يالغۇزلۇق ئادەمىيلىك ئەمەس، يالغۇز ياشاش ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى. ياۋايى ئادەمدىن كىشىلەرگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

يالغۇزلۇق بىپايان چۆل ـ جەزىرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن يالغۇز دەرەخكە ئوخشايدۇ. قۇرۇق دەرەخ باشقىلارغا سايە بېرەلمىگەنگە ئوخشاش، ئىنسانمۇ بۇ ئۆمرىدە دوست، ئاقىنىسىز ئۆتسە، چالا ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. چالا ئۆمۈرنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نېمە مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى بولسۇن!

شۇڭا سىز ئۆمرىڭىزدە خۇشال ـ خۇرام، بەختلىك ياشاپ، ئەلگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆتىمەن دېسىڭىز، ئەلۋەتتە سىزنىڭ دوستلۇق، ئاقىنىدارچىلىقنى ئەلا بىلىدىغان، ئىشەنچلىك، ئەقىللىق، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە سىزگە مەدەتكار بولىدىغان،





ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
(1923 — 1995)

«ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان مەشھۇر ئالىم، يازغۇچى، تارىخچى ۋە تىلشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئەدىبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى بىلەن ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ناھايىتى ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

خۇشاللىقىڭىزغا جور بولۇپ سىز قايغۇرغاندا بىللە قايغۇرىدىغان، تەمە ـ تەمەننىاسىز دوست ـ ئاغىنىڭىز بولۇشى كېرەك. تېمتېرون « بىز بىلەن باشقىلار بىرلىكتە خۇشال بولمىسا، بەختىمىزمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتقان بولىدۇ، بىز ئۇچۇن بىزدىن ئارتۇقراق قاي-غۇرغۇچى بولمىغاندا، قانچىلىك ئېغىر كۈلپەتلەرگە قالارمىز ـ ھە! » دەپ توغرا ئېيتقان. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكونمۇ: « دوستلۇقنىڭ مۇنداق بىر ئالاھىدە رولى بار، سىز خۇشاللىقىڭىزنى دوستىڭىزغا ئېيتسىڭىز، قوش خۇشاللىققا ئىگە بولىسىز، دەرد ـ ئە-لەملىرىڭىزنى دوستىڭىزغا تۆكسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز يېرىم غەمدىن خالاس بولىسىز » دېگەن.

ياخشى دوست ـ ئاغىنە بىباھادۇركى، ئۇنىڭ باھاسىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدۇ، ئۇ سىزگە چەكسىز خۇشاللىق ۋە بەخت سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ياخشى دوستىڭىز ياخشى پەزىلەتلىرىڭىزنى ئەلگە تارقىتىدۇ. قۇسۇر ـ نۇقسانلىرىڭىزنى كۆرسە، چاۋىڭىزنى چىتقا يايمايدۇ، بەلكى ياخشى پەند ـ نەسىھەتلىرى بىلەن سىزگە نەسىھەت ۋە مەسلىھەت بېرىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، سېخىيلىق بىلەن سىزدىن ئۆز ياردىمىنى ئايىمايدۇ. بەرگەن ياردىمىگە، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلمايدۇ، سىزدىن نەپ ئېلىشنى ئويلىمايدۇ. خۇشاللىق ۋە قايغۇڭىزغا تەڭ ئورتاق بولىدۇ. مال ـ مۈلكىڭىزگە، شان ـ شەرەپ ھۆرمىتىڭىزگە، خوتۇن ـ قىزلىرىڭىزغا يامان كۆزدە قارىمايدۇ. سىرىڭىزنى ساقلايدۇ. دېمەك، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ئادەمگە نىسبەتەن يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان پايدىلىق جايلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە پايدىسى بار، بۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

مۇشۇنداق پايدىلىق ئىشتىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى تەرەپلەر بار. بۇنىڭ بىرى دوست تاللاش.



ئابدۇقادىر داموللام

( 1924 — 1862 )

مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، تەرەققىيپەرۋەر زات، تونۇلغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، شائىر ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى ( تەخەللۇسى غازى ) ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى كۆرەش قىلغان. شۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ناھايىتى كۆپ دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. نەتىجىدە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ دۈشمەنلىكى، ساتقىنلارنىڭ قول سېلىشى بىلەن ئۆز كۆتۈپخانىسىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

( 1995 — 1933 )

« غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى » ، « قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا » ... قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ھېلىھەم ئېلان قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلىرى ئاز ئەمەس.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خەلقئاراغا تونۇشلۇق ئالىم بولۇپ، بىلىمخۇمار ئەۋلادلىرى قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

سالىھ كىشىلەردىن بىرى دوست ـ ئاغىنە تاللاش توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ ئوغلىغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلغان: « ئى ئوغلۇم، كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا توغرا كەلسە، خىزمىتىدە بولساڭ سېنى ئاسرىغان، ھەمراھ بولساڭ سېنى قەدىرلىگەن، تاماققا ئولتۇرساڭ سېنى تاماققا تەكلىپ قىلغان، سەن ياخشىلىق قىلساڭ ساڭىمۇ قىلغان، ياخشى ئىشلىرىڭنى ئېسىدە ساقلىغان، يامان ئىشلىرىڭنى توسىغان، سورىساڭ بەرگەن، توختىساڭ ئۆزى باشلامچى بولغان، مۇسىبەت كەلسە ھېسداشلىق قىلغان، گەپ قىلساڭ ئىشەنگەن، بىر ئىشقا تۇتۇش قىلساڭ سېنى يېتەكچى قىلغان، تالاش ـ تارتىش قىلساڭلار سېنىڭكىنى قوللىغان كىشى بىلەن دوست بولغىن » .

يەنە شۇنى ئەستىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىغان دوستلۇقنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەمنى دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىققا تاللا دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل ـ مەنسىپى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى سىزدىن يۇقىرىلارنى دوست ـ ئاغىنە تۇتىمەن دېسىڭىز، سىزنى كۆزگە ئىلماي رەنجىتىپ قويۇشىدىن خالىي بولالمايسىز، يەنە بىرى، ئۇنىڭغا يېتىشىپ بولالماي مۇشەققەت تارتىپ قالىسىز، ئۇ سىزگە ئاسماندىن قارىسا، سىز ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىسىڭىز، بۇنى دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق دېگىلى بولمايدۇ. مۇتەپەككۇر ئە. بوئېسى « دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي زېمىنى تەڭلىكتۇر. دوستلۇق ھېچقاچان ئۆتتۈرىغا مەنسەپنى ئارىلاشتۇرمايدۇ. ھەممە ۋاقىت تەڭلىكنى تەلەپ قىلىدۇ » دېگەن.

يەنە بىرى، دوستلۇق ـ ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاققا رىئايە قىلىش. مۇبادا سىز دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاققا رىئايە قىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئالدى بىلەن دوستىڭىز، ئاغىنىڭىزگە ۋاپادار بولۇڭ، يەنى دوست، ئاغىنىڭىز جاپا ـ مۇشەققەتتە قالغاندا، يار ـ

يۆلەك بولۇش، يىراقنى يېقىن، قىيىننى ئاسان قىلىشقا ياردەملىشىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، پۇل ـ مالنى دەپ دوستىڭىزغا خىيانەت قىلماسلىق، دوست ـ ئاغىنىڭىز غەمكىن بولۇپ قالسا، غەمداش بولۇش، كېسەل بولۇپ قالغاندا شىپاكار بولۇش، بېشىغا كۈن چۈشكەندە، جانغا جان قوشقۇچى بولۇش، ئۆلۈم خەۋپى كەلگەندە، ئۆزىڭىزنى قوربان قىلىشقا تەييار تۇرغۇچى ئادەم بولۇش، چۈنكى ئۆز ۋۇجۇدىنى كىشىگە تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ سېخىيلىقتۇر. دوست ـ ئاغىنىڭىزنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوست ـ ئاغىنە بولماسلىق، چۈنكى دوست ـ ئاغىنىڭىز دۈشمىنىڭىزگە بويسۇنسا، ئۇ دۈشمەنلىككە شېرىكلەشكەن بولىدۇ.

ئەگەر سىز دوست ـ ئاغىنىڭىزگە ۋاپادارمەن دېسىڭىز، تۆۋەندىكى «ئىككى ۋاپادار دوستنىڭ ھېكايىسى» گە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، بېشىڭىزغا شۇنداق كۈنلەر كەلسە، سىز دوست ـ ئاغىنىڭىزگە شۇنداق قىلالامسىز؟

*ئاقساقلارغا قارىغاندا تۆت ئۇلۇس خانى قۇدرەتلىك شاھ ئەمىر تېمۇر كوراگان ئەتراپتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ھىندى دىيارىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ، دەۋران غەلىبە نۇسرەتنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ. شاھ: «قەتلىئام قىلىنسۇن» دەپ يارلىق قىپتۇ. ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ، كېسىلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بوپتۇ.*

*جەڭ بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنغا دۇچ كەپتۇ ـ دە، بىر نۆكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپتۇ. ئۆز دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:*

*— ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ باش ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ، دەپ نۆكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نۆكەر بۇنى چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەنكەن، ئۇنىڭ دوستىمۇ ئاشۇ*



مەمتىلى ئەپەندى

( 1901 — 1937 )

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى توختاجى (تەخەللۇسى تەۋپىق) ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قىسقىغىنا 36 يىللىق ھاياتىدا ئۆز خەلقىنىڭ مائارىپى ئۈچۈن، ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. ناھايىتى كۆپ بىلىملىك زىيالىيلارنىڭ بېشىغا چىققان قانخور جاللات شىڭ شىسەي مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ

( 1922 — 1945 )

ئوت يۈرەك شائىر، ئىنقىلابىي جەڭچى، «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق ئۆلمەس شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ (تەخەللۇسى قاينام ئۆركىشى) ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 23 يىللىق ھاياتىدا پەقەت توققۇز يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ۋەتىنى، خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ مىراسلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىسىنى چاپاي دېسە، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى قاتتىقىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. نۆكەر غەزەپلىنىپ ئىككىلىسىنى چاپماق بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسىغا يۈزلەنسە، يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغۇچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن! شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىر دەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، ئۆز بويىنىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

ئارىدا خېلى بىر زامان تالاش - تارتىش بوپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستىنىڭ بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھ تەسىرلىنىپ ئۇلارنىڭ قېنىدىن كېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ خاسىيىتىدىن ھەم ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ، ھەم خەلق قىرغىندىن خالاس بوپتۇ.

بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت، ئەگەر دوست - ئاغىنە تۇتىمەن دېسىڭىز، ۋاپادار بولۇڭ، ئەگەر دوست - ئاغىنە بولىمەن دېسىڭىزمۇ ۋاپادار بولۇڭ.

دوست - ئاغىنىڭىزگە سەمىمىي، ساداقەتمەن بولۇڭ، دوستلۇقنى قەدىرلەڭ. دوستىڭىزنىڭ سىزگە ئىشىنىپ ئېيتقان سىر - ئەسرارىنى ساقلاڭ. ئارقىسىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلماڭ. ئىچكى سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنماڭ. كەينىدىن ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىڭ، تەشۋىق قىلىڭ. يامان گېپىنى قىلغۇچىلارغا سۈكۈت قىلماڭ. دوست - ئاغىنىڭىزگە يالغان سۆزلىمەڭ، دوست - ئاغىنىڭىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىڭ. ئەيىبلىرىنى يۈگەڭ، كەمچىلىكلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىپ رەسۋا قىلماڭ، ئادەم يوق جايدا نەسىھەت قىلىڭ. دوستىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولۇڭ. دوست - ئاغىنىگە ساداقەتمەن بولۇش ھەققىدە بىر ھەكىم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي دوستلار بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ، دوستىنىڭ ياخشى

گېپىنى قىلىدۇ، يامان گېپىنى قىلغانلارنى كۆرگەندە دەرھال رەددىيە بېرىدۇ. دۇنيادا ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىخلاسمەن دوستتىن ئىبارەت».

كېرەكلىك نەرسىڭىزنى دوستىڭىزدىن ئايىماڭ. دوستىڭىز ئېھتىياج تۈپەيلىدىن سىزدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلسا، جان دەپ بېرىڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، دوستلۇققا يارىمىغان بولىسىز. دوست ـ ئاغىنىڭىزنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنماڭ. دوستلۇق ـ ئاغىنىدارچىلىقتا پايدىغا ئېرىشىش كۆزدە تۇتۇلسا، بۇنداق دوستلۇق ھەقىقىي دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق بولماي قالىدۇ.

*بۇرۇنقى زاماندا بىر دانىشمەننىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، بىر كېچىسى دوستى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ، ئۇ دانىشمەن ئۆز دوستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «بۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب تۈن يېرىمىدا كېلىپ قاپتىغۇ!» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھەميانىدا پۇل ۋە بىر قىلىچ ئېلىپ كېنىزىكىگە چىراغ كۆتەرتىپ، ئالدىغا چىقىپ دوستى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە: «بۇرادەر، سېنىڭ بۇ ۋاقىتتا كېلىشىڭنىڭ: بىرى، بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ، ماڭا خەج ـ خىراجەت ئېھتىياجى چۈشتى بولغاي، ئىككىنچىسى، بىرەر دۈشمەن ساڭا قەست قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يار ـ مەدەتكار كېرەك بولدى بولغاي، ئۈچىنچىسى، يالغۇزلۇقتىن مالال بولۇپ، ئۆزىگە ئۈلپەت ئىزدەپ كەلدى بولغاي، دەپ پەرەز قىلىپ، ساڭا شۇ ئۈچ ئىشنىڭ لازىمەلىكلىرىنى تەييار قىلىپ چىقتىم. ئەگەر مال كېرەك بولسا، مانا ھەميانىدا پۇل، ئەگەر مەدەت تىلىسەڭ، مانا مەن قىلىچ ئېسىپ تۇرۇپتىمەن، ئەگەر خىزمەتكار كېرەك بولسا، مانا بۇ كېنىزەك خىزمىتىڭنى قىلسۇن، ھەر قانداق تەلىپىڭ بولسا بىز تەييارمىز» دەپتۇ. دوستى ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ سېخىيلىقىنى، مېھرىبانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ*



موللا زەيدىن

( 1881 — 1815 )

مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن لۈكچۈندە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ تىغ ئۇچى ۋاڭ، غوجىلارغا قارىتىلغان بولغاچقا، ئۇلاردىن سەككىز قېتىم قوغلانغان. ئەپيۇسكى، ئۇ ھەجۋىي قوشاق، چاقچاقلىرى ئارقىلىق قازىكالانلاردىن ۋاڭ ـ غوجىلارغىچە، ئالدامچى سوپىلاردىن چالا موللىلارغىچە پاش قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ چوڭقۇر ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. موللازەيدىن چاقچاقلىرى ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.

دوستلۇقىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئەقىدە باغلاپتۇ.

دوستلىرىڭ دوست ئىشىڭغا،
يەتسە مېھنەت بىرى كەلمەس قېشىڭغا.
بولسا كىم مېھنەتتە دوست، ئۇ جانغا دوست،
دوست ئەمەس دۆلەتتە دوست، ئۇ نانغا دوست.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

ئىككى يۈزلىمىچى، مۇناپىق ئادەملەر بىلەن دوستلىشىش، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بۇنداق ئادەملەر مەلۇم مەقسەت، ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىپ، سىز بىلەن ھەقىقىي دوستلار قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. بۇنداقلارنى پەرق ئەتمەك قىيىن. بۇنداقلار ئۆزلىرى تەمە قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى، ئېرىشمەكچى بولغان پايدىسىنى تاپقۇچە بولغان ئارىلىقتا دوست ـ ئاغىنە بولۇپ، سىز بىلەن بىر نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقىرى مەرتىۋىگە، مال ـ دۇنياغا يېتىشنىڭ تەمەنناسىنى قىلىدۇ. ھازىرقى تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇنداق تىمساللىق كىشىلەردىن كۆپىنى ئاڭلىدۇق ۋە كۆردۇق. بۇنداق كۆپرانى مىجەزلىك، پاسىق تەبىئەتلىك كىشىلەردىن ئاللاتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

نەزمە:

ئۇ سېنىڭ مۈلكۈڭنى قەستلەپ كۆزىنى قىلغان قىزىل،
يۈزى سارغايدى ئاخىر، ئالىم ئاڭا بولدى قارا.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن



زوردۇن سابىر

( 1998 — 1937 )

«ئانا يۇرت»، «ئىزدىنىش»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئاتا»، «خىرە دېرىزە»، «دولان ياشلىرى»... قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاس مىللىي پىسخىكىسىنى قېزىشتا، قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىنى چىقىرىشتا ماھىر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

بىلىڭكى، نادان كىشىلەر بىلەن دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ. گەرچە ئۇ سىزگە ساداقەتمەن بولسىمۇ، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقتا يەتكۈزىدىغان پايدىسىدىن سىزگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى كۆپ بولىدۇ. ئۇ ھالدا سىز پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز، ئىشەنمىسىڭىز، تۆۋەندىكى «باغۋەن بىلەن ئېيىقنىڭ ھېكايىسى» گە قۇلاق سېلىڭ.

بىر باغۋەن بار ئىكەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى باغۇ بوستانلارنى ياساش ئۈچۈن سەرپ قىلغانىكەن. ئۇ بېغىدىكى ھەر بىر دەرەخكە شۇنداق كۆڭۈل بەرگەن ئىكەنكى، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا پىكرىدىن غېمى يوق ھالدا تەنھالىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يالغۇزلۇقتىن كۆڭلى مالال بولۇپ، دەشت تەرەپكە چىقىپ كەڭرى بىر تاغ باغرىدا ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرسا، تاسادىپىي كۆرۈنۈشى قوپال، سۈرىتى قەبىھ، چىرايى ناتونۇش بىر پاسكىنا ئېيىق ئۇنىڭغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇمۇ تەنھالىق رەنجى بىلەن ھالى پەرىشان بولۇپ تاغ بېشىدىن چۈشكەنىكەن. باغۋەن بىلەن ئېيىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى يالغۇزلۇق دەردىنى تارتىپ ئۆزئارا ھەمنەپەس ئىزدەپ يۈرگەچكە، بىر ـ بىرىنى كۆرمەك بىلەنلا مۇھەببەت زەنجىرلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، باغۋەننىڭ كۆڭلى ئېيىقنىڭ ئاشنالىقىغا مايىل بوپتۇ.

باغۋەن ھەر قاچان ئىستىراھەت سايىسىدە پاراغەت بېشىنى راھەت ياستۇقىغا قويۇپ ياتسا، ئېيىق غەمخورلۇق ۋە تەرەپدارلىق يۈزىسىدىن باغۋەننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىدىن چىۋىنلارنى قورۇيدىكەن. بىر كۈنى باغۋەن ئادىتى بويىچە ئۇخلاۋاتقانىكەن، نۇرغۇن چىۋىن ئۇنىڭ يۈزىگە قونۇۋاپتۇ. ئېيىق چىۋىنلەرنى بىر ياقتىن ھەيدىسە، يەنە بىر ياقتىن قونۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئېيىقنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ ـ دە، يېنىدا تۇرغان 20 پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ چىۋىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن باغۋەننىڭ يۈزىگە



ئابلىز نازىرى

( 1925 — 1994 )

تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «سىڭلىمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «كۆڭلۈم سەندىدۇر»، «ئالتاي پارتىزانلىرى خاتىرىسى»، «مۇجۇلغان يۈرەكلەر»، «مۇڭلۇق ئالچۇق»، «چېچەك پەسلى»... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش، ئىنتىپاقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆنتۈلماس خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئورۇپتۇ. چۈنكە ھېچقانداق زىيان يەتمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باغۋەننىڭ بېشى يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن چۈنلەر «ھەر ھالدا نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ياخشىراق» دەپ ئېيتىشقانىكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى چۈشەنمەك تەس ئەمەسكى، نادان دوست - ئاغىنىدىن دانا دۈشمەن ياخشىراق، چۈنكى دۈشمەن ئەقىللىق بولسا يىراقنى كۆزلەپ ئويلاپ ئىش قىلىدۇ. پۇرسەت كەلمىگۈچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ خۇي - پەيلىدىن شۇم نىيىتىنى بىلىۋېلىپ مۇداپىئەلىنىشكە بولىدۇ. ئەمما نادان، بىلىمسىز دوست - ئاغىنە كىشىگە ھەرقانچە يېقىن، ساداقەتمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدا كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ كەم ئەقلى بىلەن كىشىنى خەتەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

*مەيلى زىنداندا بول ئاقىل بىلەن،*
*بولمىغىن گۈلشەندە جاھىل بىلەن.*
*ھەر زامان دانانى تۇتقىن ئاشنا،*
*بولمىغىن ئەلۋەتتە يار نادان بىلەن.*

*«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن*

شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يۇقىرىقىدەك شەرتلەرگە چۈشىدىغان دوست - ئاغىنىلەرنى تېپىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. يەنە كېلىپ دوست - ئاغىنىلەر ئادەتتە ئۆز ئارا يول قويۇشۇپ ئۆتۈشىدۇ. باشقىلارغا ياقمايدىغان تەرەپلىرىنى ئىلاج بار يوشۇرىدۇ. گەرچە سىز بىر نەچچە يىل ئارىلاشقان دوست - ئاغىنىلەردىن بولسىڭىزمۇ، ئاراڭلاردىكى ھېسسىياتنى تامامەن، مەڭگۈ چۈشىنىپ كېتەلمەيسىز، چۈنكى ئادەم بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ جانلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ: «ئادەمنىڭ قەلبى قايناپ تۇرغان





ئابلىمىز ھاجى

( 1987 — 1911 )

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئۆمرىنى سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم ئارتىس ۋە رېژىسسور ئابلىمىز ھاجى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ 1942 - يىلى «ساساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «قانلىق داغ»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىگە رېژىسسورلۇق قىلىپ ۋە ئۆزى رول ئېلىپ زور شۆھرەت قازانغان.

ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سەنئەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ۋە قازانغان نەتىجىلىرى سەنئەتخۇمارلار قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ.

قازاندىنمۇ ئۆزگىرىشچاندۇر » دېگەنىدى.

دوست ـ ئاغىنىڭىز سىزگە: « مەن سىزنىڭ غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكىڭىزنى ياقتۇرىمەن »، « سىزنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىڭىزنى پاكىز ئېلىپ يۈرۈشلىرىڭىزگە ھەۋەس قىلىمەن »، « مەن سىز بىلەن قىيامەتلىك ئاغىنە، ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ بىللە بولىمەن » دېيىشى مۇمكىن. بۇ بەلكىم دوست ـ ئاغىنىڭىزنىڭ يۈرەك سۆزىدۇر، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى مەسىلگە قاراڭ.

*قىيىن ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە ۋەدىلەشكەن ئىككى ئاغىنە سەپەردە كېتىۋاتقىنىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئېيىق پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرى دەرھال دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ مۆكۈۋاپتۇ. يەنە بىرەيلەن بولسا دەرەخ ئۈستىگە چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي، يەردە ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئېيىق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇرنىنى تەگكۈزۈپ پۇراپ بېقىپتۇ، ئۇ ئادەم چىداشلىق بېرىپ دېمىنى چىقارماي يېتىۋېرىپتۇ. ( ئېيىتىشلارغا قارىغاندا ئېيىق ئۆلۈككە چېقىلمايدىكەن )*

*ئېيىق ئۇنى ئۆلۈك ئوخشايدۇ دەپ كېتىپ قاپتۇ. دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالغان يەنەبىر دوستى پەسكە چۈشۈپ ھەمراھىدىن : « ئېيىق ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ » دەپ سورىغىنىكەن، يەردە يېتىۋالغىنى : « ئېيىق ماڭا : بۇنىڭدىن كېيىن خەتەرگە ئۇچرىغاندا تاشلاپ قاچىدىغان ئادەم بىلەن دوست بولما دېدى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

يەنە بىرى، دوست ـ ئاغىنىڭىز بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىغىنىڭىز ياخشى، شۇندا سىز بەزى پېشكەللىكلەردىن خالىي بولالايسىز. بۇ خۇددى تۆۋەندە سۆزلەنگەن يولۋاس بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدۇ.

*ئەسلىدە مۈشۈك يولۋاسنىڭ ئۇستازى ئىكەن، مۈشۈك يولۋاسقا ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھۈنەرلىرىنى، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ.*



رائىلە خانىم

( 1860 — 1917 )

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇئەللىمە — ئاتۇش « ھۈسەينىيە » مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى رائىلە خانىم — موللا ئاچا « ھۈسەينىيە مەكتىپى » دە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىزچىل تۈردە قىزلارنى تەربىيىلەش بىلەن يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىنبىر تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ مائارىپنى ھاياتىنىڭ مەزمۇنى قىلغان. مائارىپنى كەڭ ئاياللارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن.

كۆڭلەردىن بىر كۈنى يولۋاسنىڭ قورسىقى ئېچىپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، مۈشۈكنى يېمەكچى بولۇپتۇ. يولۋاسنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغان مۈشۈك يولۋاسنى ئۇ يەردە دەم ئالايلى، بۇ يەردە ھاردۇق ئالايلى، دەپ ئەگەشتۈرۈپ چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا توختاپتۇ ـ دە، مۈگدەشكە باشلاپتۇ. پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان يولۋاس مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ. كۆزىنى يۇمۇپ يولۋاسنى كۈزىتىپ ئولتۇرغان مۈشۈك چاققانلىق بىلەن دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ ـ دە، ئەجەل چاڭگىلىدىن ئامان قاپتۇ.

ئەسلىدە مۈشۈك يولۋاسقا دەرەخكە قانداق چىقىش ھۈنىرىنى ئۆگەتمىگەنىكەن. مۈشۈكنىڭ دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگەن يولۋاس:

— ئۇستازىم، نېمە ئۈچۈن ماڭا دەرەخكە چىقىشنى ئۆگەتمىگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مۈشۈك:

— سىزگە دەرەخكە چىقىشنى ئۆگەتكەن بولسام، بۇ جېنىم ئامان قالارمىدى، — دەپتۇ.

دېمەك، دوستلۇقتا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرماي، ھەممە سىرىڭىزنى تۆكۈۋەتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى پالاكەتتىن ساقلىيالمايسىز، چۈنكى كۆڭلەردىن بىر كۈنى دوست ـ ئاغىنىڭىزنىڭ بەزىسى سىزگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ جاھان شۇنداق جاھان.

بۇ ھەقتە دانىشمەنلەر:

*كەلسە كەلمەس سىر ئېيتمىغىن دوستۇڭغا،*

*ھامان بىر كۈن سامان تىقار پوستۇڭغا.*

دەپ توغرا ئېيتقان.



ئەبراباي

( 1860 — 1938 )

1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر شەھىرىدە 12 سىنىپلىق دارىلئېتام مەكتىپى ئېچىپ، سەككىز سىنىپقا يېتىم ئوغۇللارنى، تۆت سىنىپقا يېتىم قىزلارنى قوبۇل قىلىپ، بالىلارنىڭ بارلىق چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يېتىملارنىڭ غەمگۇزارى، پۈتۈن شىنجاڭغا نامى تارالغان مەرىپەتپەرۋەر زات ئەبراباي «يوقسۇللارنى يىغىپ قوزغىلاڭ قىلماقچى» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.



ئەخمەتجان قاسىمى
(1914 — 1949)

« ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى » نىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى. زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان ئەزىمەت ئوغلان ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن قورقماس جەڭچىلەرنىڭ سەركىسىدۇر.

ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى، مائارىپى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

# 4. كېسەل يوقلاش ئەخلاقى

*بىر مۆمىن بىمار ياتقان مۆمىن بۇرادىرىنى كۆرگىلى بارسا ، بېسىپ ئۆتكەن يولىدا جەننەت باغلىرىدا يۈرگەندەك بولىدۇ .*

« سەھىيە ھەدىسلىرى » دىن

ئادەملا بولىدىكەن ئېغىر بولامدۇ، يېنىك بولامدۇ، ھامان كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئادەم كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىنى، يېقىن كىشىلىرىنى، دوست ـ يار، ئاغىنىلىرىنى، كەسىپداشلىرىنى سېغىنىدۇ، ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇسى، ھال ـ مۇڭىنى تۆككۈسى كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىگە تەقەززا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ كېسەللىك ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە ياردەم بېرىش ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمگەرچىلىك بولۇپلا قالماي ئىنسانىي بۇرچمۇ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سىز كېسەل يوقلىماقچى بولسىڭىز، كېسەل يوقلاش ئەخلاقىغا رىئايە قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

بىمارنى يوقلاشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ نېمىلەرنى يەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، بىمارنىڭ كېسەلگە شىپا بولىدىغان، بىمار ياقتۇرىدىغان تائاملارنى، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ. چۈنكى، بىمارنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بېرىشقا بولمايدۇ. بىمارغا

نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالدىم دەپ دوختۇر ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن، بىمارنىڭ كېسەللىگە زىيان قىلىدىغان ياكى بىمار ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئاپارماڭ.

كېسەلخانىغا كىرگەندە، كارىدور ۋە پەلەمپەيدە ئاۋاز چىقارماي ئاستا، سىلىق مېڭىڭ، پەس ئاۋازدا سۆزلىشىڭ، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان ئىشلارنى سادىر قىلماڭ. سىز يوقلىماقچى بولغان بىمارنىڭ قايسى ياتاقتا، قانچىنچى كارىۋاتتا يېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىپ ئاندىن ئۇدۇللا شۇ ياتاققا كىرىڭ. باشقا ياتاقلارغا قالايمىقان دۇقۇرۇپ يۈرمەڭ.

بىمارنىڭ يېنىغا كىرگەندە، بىمار ئۇخلاۋاتقان بولسا ئويغاتماي بىردەم ساقلاڭ، ئۇخلاۋاتقان بىمارنى تۇيۇقسىز ئويغاتسىڭىز، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر بىمار بار ياتاقتا باشقا بىمارلارمۇ بولسا پەس ئاۋازدا ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراڭ. سىز يوقلىماقچى بولغان بىمار يەنە ئويغانمىسا، ئەكىرگەن نەرسىلىرىڭىزنى بىمارنىڭ تومپۇچكىسى ئۈستىگە ئاستا قويۇپ، يېنىدىكى بىمارغا ئېيتىپ ياكى سۆز قالدۇرۇپ قايتا كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىڭ. زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا ياكى يىراقتىن كەلگەن بولسىڭىز، بىمار ئويغانغۇچە ساقلاڭ.

بىمار ئويغاق بولسا ياكى ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان بولسا، پەس ئاۋازدا ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ : « خاتىرجەم داۋالىنىڭ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز » دېگەندەك كېسەلنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىڭ. ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى تاپىلاڭ. ياخشى روھىي ھالەتنىڭ كېسەللىكە قارشى ئەڭ ياخشى دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، روھىي ھالىتىنى نورمال تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىڭ. ھەرگىزمۇ « نېمانچىۋالا ياداپ كەتتىڭىز ؟ »، « چىرايىڭىز سارغىيىپ، كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ » دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماڭ، بۇنداق سۆزلەر بىمارنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويىدۇ. بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان گەپلەرنى، قىسقا چاقچاقلارنى قىلىپ بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇڭ. ئۇنىڭ يېنىدا بىمارنىڭ كۆ-



ئەلقەم ئەختەم

( 1922 — 1995 )

شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى.

ئۇنىڭ « ئۈمىد دولقۇنلىرى »، « كۈرەش دولقۇنلىرى »، « يېڭىش دولقۇنلىرى » قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تىلىنىڭ يېنىكلىكى، رىتىمىنىڭ جۇشقۇنلۇقى بىلەن قەلبلەرگە ئىششىق بېغىشلاپ بىزنى يۈرەكلىك ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدۇ.

كۆلسىز ئىشلىرىنى، تىجارەتچى بولسا، تارتقان زىيىنىنى، دەرد ئەلىمىنى ئېغىزغا ئالماڭ، سوقرات ھەكىم بۇ ھەقتە: « بىمارنى دورا بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆز بىلەن داۋالاش ياخشىدۇر » دېگەن. بىمارنى يوقلاپ بارغان ۋاقتىڭىزدا ئەزمىلىك قىلىپ ئۇزۇن ئولتۇرماڭ، بۇنداق قىلسىڭىز، بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئەمەس، ئەكسىچە بىمارنى زېرىكتۈرۈپ چارچىتىپ قويىسىز. ئىشەنمىسىڭىز، مۇنۇ ھېكايەتكە قۇلاق سېلىڭ.

*بۇرۇن بىر كىشى تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى زەخىملىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، يوقلاپ كىرگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى بىزار بولغانلىقتىن بىر پارچە قەغەزگە مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ. « ئەزمە كىشىلەرنىڭ سۆھبىتى جانغا ئازابتۇر، كېسەل ھالىنى سورىغىلى كەلگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلماي تېز چىقىپ كېتىپ، كېسەلگە تىنچلىق بەرگىنى تۈزۈك » .*

ئەگەر سىز يوقلىماقچى بولغان بىمار دوختۇرخانىدا ئۇزۇنراق يېتىپ قالغان بولسا، پات ـ پات بېرىپ يوقلاپ تۇرۇڭ.

بىمارنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم يوقلاپ بارغان ۋاقتىڭىزدا « ئالدىنقى كۆندە-كىدىن خېلى ياخشىلىنىپ قاپسىز » ، « خېلى تېتىكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىسىز » ، « چىرايىڭىزغا قان يۈگۈرۈپ قاپتۇ » دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، بىمارغا روھىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىڭ. بۇ سۆزلەر بىمارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە، بىمارنىڭ تېزرەك ساقىيىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « سىلەر بىرەر كېسەلنىڭ قېشىغا كىر-سەڭلار، ئەھۋالىڭىز ئوبدانكەن، ياخشى بولۇپ قاپسىز، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىڭلار، بۇنداق تەسەللى كېسەلنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ » .

بىر قىسىم كىشىلەر كېسەل يوقلاپ بارغاندا، بىمارغا كۆيۈنۈپ، پالانچىغا بۇ دورا پايدا





ئەلائىددىن خوتەنى
( 1222 — 1150 )

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تېببىي ئالىملار قاتارىدا بارلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان تېببىي ئۇستاز ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى ئۆز دەۋرىدە نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگە قەدەر تارقالغان شەخس بولۇپ، ناھايىتى كۆپ تېببىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ موڭغۇل خانى كۈچلۈك تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ياد ئېتىلمەكتە.

قىلغان ئىكەن، سىزگىمۇ ئالغاچ كەلدىم، كېسىلىڭىز ئوخشاش ئىكەن، سىزگىمۇ پايدا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس » دەپ دورا ـ شەربەت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىدۇ ياكى شۇ دورىلاردىن ئىستېمال قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنداق قىلمىش توغرا ئەمەس. ئەسلىدە سىزنىڭ نىيىتىڭىز توغرا، كېسەلنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەمما بىر كىشىگە پايدا قىلغان دورىنىڭ يەنە بىرىگىمۇ پايدا قىلىشى ناتايىن. شۇڭا دوختۇرنىڭ رۇخسىتىسىز بىمارغا دورا ياكى شەربەتلەرنى ئىچىشكە زورلىماسلىق لازىم. ئەگەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا، ياخشى نىيىتىڭىز يامانغا ئۆرۈلۈشى مۇمكىن.

ئەگەر سىز يوقلىماقچى بولغان بىمار نامرات، بىچارە، مىسكىن، يېتىم بولسا، يوقلاپ بارغان ۋاقتىڭىزدا يەنە نېمىلەرنى يېگۈسى بارلىقىنى، نېمىگە ئېھتىياجلىق، قايسى تەرەپلەردىن قىسىلىدىغانلىقىنى سوراڭ. يېگۈسى بار تاماق، مېۋە ـ چېۋىنى ئەكىرىپ بېرىڭ ياكى قولىغا پۇل بېرىپ يېگۈسى بارنى ئەكىرىپ يېيىشىنى ئۆتۈنۈڭ. ئىقتىسادىي شارائىتىڭىز يار بەرسە، دورا پۇلىنى ياكى دوختۇردىن چىقىش پۇلىنى تۆلەپ قويۇڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمكى بىچارە ھالەتتىكى كىشىگە ياردەم بەرسە، تەڭرى ئۇنىڭغا ئىككى دۇنيادا ياردەم بېرىدۇ » دېگەن.

كېسەل يوقلاشتا ۋاقىتقا دىققەت قىلماق زۆرۈردۇر. يەنى دوختۇرخانىنىڭ كېسەل يوقلاش قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئەتىگەندىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا كېسەل يوقلاڭ. چۈشتىن كېيىن، بولۇپمۇ زاۋال ۋاقتىدا كېسەل يوقلىماڭ. بۇنداق قىلمىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس.



ئەمەت ئۆمەر

( 1916 — 1987 )

ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ئەمەت ئۆمەر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدىكى نادىر تىياتىرلارغا رېژىسسورلۇق قىلىپ ۋە ئۆزى رول ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەرگەن.

## 5. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ئەخلاقى

*باشنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا ،*

*جىسمىنى قىل سەدىقە ئانا باشىغا .*

ـ ئەلىشىر نەۋائى

ئاتا ـ ئانىمىز سىزنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپلا قالماي، سىزنى قاتارغا قوشۇپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدا مىڭبىر جاپالارنى تارتىدۇ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىمىز سىزنى « يۈرەك پارەم » دەپ دۇنيادىكى بارلىق جەبىر ـ جاپانى تارتىشقا رازىكى، سىزنى مۇشەققەتتە قويۇشنى خالىمايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەيدۇ. پۇتىڭىزغا كىرگەن تىكەننى مېنىڭكىگە كىرسۇن دەيدۇ، كۆزىڭىز ئاغرىسا بالامنىڭ ئاغرىماي مېنىڭكى ئاغرىسۇن دەيدۇ، سىزگە ئۆلۈم خەۋپى يەتسە، بالامنىڭ ئورنىدا مەن ئۆلسەمكەن دەيدۇ. قىسقىسى، سىز بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىڭىز سىزدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوتىڭىزدا كۆيىدۇ، سۈيىڭىزدە ئاقىدۇ، بىر ئۆمۈر سىزگە يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئىستەيدۇ، بەختىڭىزنى تىلەيدۇ، شۇڭا پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا ئانىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلماقتىن ئارتۇق مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ يوق.

پەرزەنت بولغۇچى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەشتە تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلىشىڭىز زۆرۈردۇر. بۇ ھەقتە مەشھۇر



ئەمەت ھاجى

( 1994 ــ 1882 )

كېسەللەرنى تونۇش ۋە داۋالاش جەھەتتىكى مول بىلىمى، شىپالىق رېتسېپلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئەمەت ھاجى كېرىيە ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك تېۋىپ بولغان، « ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى » نىڭ 1 ـ تومىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر روھى، بىلىمخۇمارلىقى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ.

ئالىممىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دېگەن: « ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش پەرزەنتنىڭ ئىنسان سۈپىتىدىكى بىرىنچى ئەخلاق ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل ئىپادىسىدۇر » .

1 . ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇڭ، ئاللاتائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەر قانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭ ، توسقانلىرىدىن يېنىڭ . ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماڭ، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بولسىڭىز، كەچۈرۈم سوراڭ. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ مەسلىھىتى، رازىلىقىنى ئالماي ئىش قىلماڭ. ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى كېچىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئوغلىغا سۇ بەرگىن دەپتۇ، ئوغلى سۇ ئېلىپ كەلگۈچە دادىسى يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوغلى : « دادام بەلكىم يەنە ئويغىنىپ سۇ سورايدۇ » دەپ ئۇخلىماستىن، دادىسىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپتۇ.

مانا قاراڭ، ئەخلاقلىق پەرزەنتلەر شۇنداق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئاتىغا ئىتائەت قىلىش ئاللاغا ئىتائەت قىلىشتۇر، ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىش ئاللا ئالدىدا گۇناھ قىلىش بىلەن باراۋەردۇر » دېگەن.

2 . ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ، ئۇلارنى چوڭ بىلىڭ، مەنسىپىڭىز ھەرقانچە چوڭ، مال ـ دۇنيايىڭىز بىھېساب كۆپ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. ئاتىڭىز چاقىرسا « خوش ئاتا » ، ئانىڭىز چاقىرسا « خوش ئانا » دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇڭ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى ئاۋازدا گەپ ـ سۆز قىلماڭ، ئەدەپ بىلەن سىلىق سۆز قىلىڭ، ئايالىڭىزنى ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرمەڭ، بىرگە يول يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەڭ، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماڭ. ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماڭ، يالىڭاچ بەدەن ئۇلارنىڭ يېنىغا ھازىر بولماڭ، ئۇخلاۋاتقاندا ھۇجرىسىغا رۇخسەتسىز كىرمەڭ. ئۇلار بىلەن تاكاللاشماڭ، ئەگەر توغرا بولمىغان تەرەپلىرى بولسا، ئەگىتىپ سۆز قىلىڭ. ئۇلارنىڭ



ئەمەتجان ئەھمىدى

( 1931 — 1997 )

« باھارغا مەدھىيە » ، « ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى » ( 6 ـ 1 ) ، « ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا » قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، تونۇلغان مۇقام تەتقىقاتچىسى ئەمەتجان ئەھمىدى 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تېگىشلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ساھەسىدە تۆھپىسى مەڭگۈ يادلىنىدىغان شەخسكە ئايلاندى.

چىشىغا تەگمەڭ. ئۇلارغا ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماڭ. ئۇلار ھەرقانچە پېقىر ـ نامرات بولسىمۇ ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىڭ، ئۇلاردىن تانماڭ. ئۇلارنىڭ ئابرۇيى ۋە ھۆرمىتىنى قوغداڭ. ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماڭ. مېھمانلىرى كەلگەندە، قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمىتىنى قىلىڭ. ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەڭ. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاسراڭ. ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلغان كىشىدىن ئاللامۇ رازى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى خاپا قىلغان كىشىگە ئاللا غەزەپ قىلىدۇ» دېگەن.

3. ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ماددىي ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ، قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىڭ، ئۇلارنى ياخشى يېگۈزۈڭ، ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيگۈزۈڭ، كېسەل بولسا داۋالىتىڭ، زىياندىن ساقلاڭ، ئۇلارنىڭ مېھنەتلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇڭ، ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ كەم ـ كۈتە نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىڭ، يىراق يەردە بولسىڭىز، ھەر ۋاقىت خەت يېزىپ، ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇڭ. خاتىرە كۈنلىرىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاپ، سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇڭ. پات ـ پات پۇل ـ پىچەك بېرىپ تۇرۇڭ، خىراجەتتىن قىسىپ قويماڭ، ئىقتىسادىي شارائىتىڭىز يار بەرسە ھەج قىلىشىغا ياردەملىشىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ. يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، ئاتا ـ ئانىڭىزنى قاقشاتسىڭىز، تۆۋەندىكى چۆچەكتىكى باينىڭ بالىسىدەك ئەھۋالغا قالىسىز، ئىشەنمىسىڭىز چۆچەككە قۇلاق سېلىڭ.

*قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە مەلۇم يېزىدا بىر باي بىلەن بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. باي بىلەن دېھقان بىر ـ بىرى بىلەن بەك ئىناق ئىكەن. شۇڭلاشقىمۇ باي ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن تەمەننا قىلمايدىكەن، كەمبەغەل ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن زارلانمايدىكەن، باي بىلەن دېھقاننىڭ بىردىن ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا چىقىشالمايدىكەن، قاش ـ قاپاقلىرىنى*



ئارسلان

( 1996 — 1950 )

«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «كىنىك قېنىم تامغان ماكان» ... قاتارلىق داستان، شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئىقتىدارلىق شائىر ئارسلان ئۆز ئەسىرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى مۇھىم ئورۇندا قويغان بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى تېخىمۇ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەۋلادلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

يېرىشىپ ئاتا - ئانىسىغا ئارام بەرمەيدىكەن.

بىر كۈنى باي بىلەن دېھقان ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ ئوغۇللىرىغا ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىم - ئىرپان ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. دېھقاننىڭ بالىسى مەدرىسىگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپ- تىن ئىلىم ئۆگىنىپتۇ، باينىڭ بالىسى ئاخۇنۇمنىڭ كۆزى يىراق بولسىلا ئويۇن ئوينايد- كەن، كېچىسى شاراب ئىچىپ ئىشىك قېقىپ تاياق يەيدىكەن، ياۋاشىنى كۆرسە بوزەك قى- لىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساددا دېھقان خۇدانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپتۇ ۋە ئەر - خوتۇن ئىككىسى تۇڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئەھلى - مەھەللە، قولۇم - قوشنىلار بۇنىڭدىن يىرگىنىپ بىر قولىدا بۇرۇنلىرىنى تۇتسا، يەنە بىر قولىدا چالما - كېسەك ئېلىپ ئۇلارغا ئېتىپتۇ، ئۇلارنى باغلاپ سۆرەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ بىر قومۇلۇققا ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپتۇ. گەرچە دېھقان تۇڭگۇزغا ئايلىنىپ كەتسىمۇ بالىسى ئۇنىڭدىن يىرگە- نىشنىڭ ئورنىغا ھەر كۈنى ئۇلارغا ئاش - نان، سۇ ئاپىرىپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. ئاللاتائالادىن ئاتا - ئانىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ يىغلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن باينىڭ بالىسى مەسخىرە قىلىپ:

— سەن تۇڭگۇزغا ئاش توشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدۇڭ، ئەمدى سېنىڭ كې- يىملىرىڭ، پۇت - قوللىرىڭ پۈرايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن ئوينىمايمەن، مېنىڭدىن يىراق تۇر، — دەپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ. دېھقاننىڭ بالىسى «تۇڭگۇز بولسىمۇ مېنىڭ ئاتا - ئانام، ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق. ئاتا - ئانا رازى خۇدا رازى، ئاتا - ئانامنىڭ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرى ئۈچۈن، ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز يۇدۇپ، ھەرەمگە ئاپارساممۇ بوينۇمدا ئۇلارنىڭ قەرزى قالىدۇ. جەننەت باشقا يەردە ئەمەس، ئاتا - ئانامنىڭ ئايىغىدا» دەپتۇ - دە، ئۆتكەن كۈنلەردىكىدىنمۇ سەھەر تۇرۇپ، ئاللاتائالاغا



ئايشەم كېرىم

( 1931 — 1998 )

تالانتلىق كىنو - تىيا- تىر، مۇقام چولپىنى. ئۇ كورلا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇزىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت تا- لانتى بىلەن «قادىر مەۋلان»، «گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم»... قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنداپ تالانتىنى نامايان قىلغان. «غۇنچەم»، «غېرىپ - سەنەم»، «ئارشىن مال ئالان» ئوپېرالىرى، «رەنانىڭ توپى»، «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل»، «نەسىردىن ئەپەندى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا رول ئېلىپ خەلقىمىز قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان.

يىغلاپتۇ. كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ ئۇستىۋاشلىرىنى پاكىزلاپتۇ. قوللىرىدىكى تىكەننى ئېلىپتۇ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئېتىپ بوقۇلداپ يىغلاپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ھېلىقى باي ئەر ـ خوتۇن ئەمگەكچى تۆھگۆزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. باينىڭ بالىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۆھگۆزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «ئاللا توۋا» دەپ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ يىغلاپتۇ ۋە ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن نومۇس قىلىپ ئۇلارنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ، چىققىلى ئۇنىمىسا، قولىغا تاياق ئېلىپ ئۇرۇپ شەھەر سىرتىغا ھەيدەپتۇ، دېھقاننىڭ بالىسى نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسۇپتۇ.

— ئاتاڭ سېنى تۇغمىدىمۇ؟ ئاتاڭ سېنى باقمىدىمۇ؟ ئۇلار سېنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلمىدىمۇ؟ سەن ئاتا ـ ئاناڭغا مۇشۇنداق قىلساڭ، بۇنى خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ — دەپتۇ. باينىڭ بالىسى بۇ گەپكە قۇلاق سالماپتۇ. ئەكسىچە دېھقاننىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ تىللاپتۇ، تۆھگۆزغا ئايلىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا قارىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتىپ كېچە ـ كۈندۈز خۇداغا يىغلاپتۇ. ئۆز بالىسىنى دېھقاننىڭ بالىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ۋاپاسىز بالىسىنى قارغاپ، دېھقاننىڭ ئوغلى بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى خۇدادىن تىلەپتۇ.

دېھقان بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى، كۆيۈمچانلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، دېھقاننىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلغان تۇۋىسى، ئاھ زارى خۇداغا يېتىپتۇ. خۇدانىڭ كارامەت كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن تۆھگۆزغا ئايلانغان دېھقان بىلەن ئۇنىڭ ئايالى يەنە قايتىدىن ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ. ئاتا ـ ئانىغا بولغان بىھۆرمەتلىكى، ۋاپاسىزلىقىنىڭ كاساپىتى ئۈچۈن باينىڭ بالىسى تۆھگۆزغا ئايلىنىپ يۇرت جامائەت ئالدىدا خار بولۇپ خارتىلداپ مېڭىپ، تۆھگۆزغا ئايلانغان ئاتا ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا «ئاتا رازى خۇدا رازى»، «ئاتا قارغىشى ئوق، ئەقلىڭ



ئېلىخان ھەزرىتىم

( 1887 — 1989 )

«ئۇيغۇر تېبابەت ئاناتومىيىسى»، «ئالدىنىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېچەلىك دورىسى»، «تېبابەتچىلىكنىڭ نەزمىرىيۇۋى ئاساسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، يېتىلگەن ئۇستاز تېۋىپ ئېلىخان ھەزرىتىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان بولۇپ، ئوردۇ، پارس، ئەرەب، تۈرك تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۈكسەك بىلىم ئەگىسىگە ئايلانغان. 102 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بۇ پېشۋانى كېيىنكى ئەۋلادلار ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ.

*بولسا بۇنىڭدىن قورق » دېگەن ھېكمەتلىك سۆز تارقىلىپتۇ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ماقال بولۇپ قاپتۇ.*

4 . ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئاقلاپ بولالمىغان ۋەدىلىرىنى، چالا يەتمىگەن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئورۇنداش، ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ئۇلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماش. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىنىپ، مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش. ئۇلار ھايات بولسۇن ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرۇش، خەير ـ ئېھسان بېرىش، نەزىر ـ چىراغلىرىنى لايىقىدا ئۆتكۈزۈش. بولۇپمۇ قېرىلىق چاغلىرىدا سىزگە ئەڭ موھتاج بولىدۇ، ئۇلارنى موھتاجلىقتا قويماسلىق.

ئەنسارلاردىن بىر ئادەم كېلىپ : يارەسۇلىللا، ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا مەن قىلغۇدەك ياخشىلىق قالدىمۇ ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ھەئە، ئۇلار ھەققىدە ناماز ئوقۇش، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، سىلەر رەھىم قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە سىلەر رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئىش بار، مانا بۇلار ساڭا قالغان، سەن قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلار » دېگەن.

ھەرقانداق كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا نېمىلەرنى قىلسا، پەرزەنتلىرىدىن شۇنى كۆرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلغانلارنى پەرزەنتلىرىمۇ رازى قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ قاقشىتىدۇ. « ئۆتنە ئالەم » دېگەن شۇ، بۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ : « ئاتا ـ ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگىمۇ پەرزەنتىڭلار ياخشىلىق قىلىدۇ » .



ئەزىزوف قاسىم
( 1994 ــ 1924 )

« ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى » نىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى، ناھايىتى كۆپ جەڭلەرنىڭ شاھىدى گېنېرال ئەزىزوف قاسىم قورال ئېلىپ جەڭ قىلىدىغان جەڭچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي ئىلىم تەتقىقاتچىسى بولۇپ، ئۇ يازغان « مارشالنىڭ نەسىھىتى » ، « ئورۇش ۋە قوماندان » ، « جەڭ شەمشىرى » ، « قىساس خەنجىرى » قاتارلىق ئەسەرلەر كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇلغان ئېسىل مىراستۇر. گېنېرال ئەزىزوف قاسىم خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.



مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف
( 1915 — 1970 )

گېنېرال مايور مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يىگىرمە يېشىدىلا كۈرەش جەڭچىسى، قابىل تەشكىلاتچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ گومىنداڭنى شىخودىن قوغلاش جېڭىدىكى باتۇرلۇقىنى، خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن شىددەتلىك ئوقلارغا پەرۋا قىلماسلىقتەك قەيسىرانە روھىنى ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

# 6. قېينانىنىڭ ئەخلاقى

*ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەر.*

ـ رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن

بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك، ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بار بولىدۇ، لېكىن ئانىنىڭ ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. بالزاك ئانا توغرىسىدا توختالغاندا: «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا» دېگەنىدى. بۇ، ئانىنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت، ھەتتا بىر پۈتۈن مىللەت ئۈچۈن ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق، ئانا مىللەتنىڭ ھازىرىنى تەۋەللۇت قىلىپلا قالماي، بەلكى مۇھىمى مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى ئىنساندۇر. شۇڭا ئانا ھەر دائىم ئۇلۇغلىنىشى، قەدىرلىنىشى، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. لېكىن، بۇنداق ئۇلۇغلىنىشقا ئانا بولغۇچى پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا ئاندىن ئېرىشەلەيدۇ. ئانىلىق بۇرچى دېگىنىمىز، ئانىلارنىڭ بىلىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىدۇر.

قېيناتا ـ قېينانىڭىزنى، ئاتا ـ ئانىڭىزنى، ئۇلارنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا

تىرىشىڭ، ئىرىڭىزگە ساداقەتمەن بولۇڭ. ئېرىڭىزنىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر ئىشقا تۇتۇش
قىلماڭ، ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن ئېرىڭىز بىلەن جېدەللەشمەڭ، چىرايىڭىزنى تۈرمەڭ،
بولۇپمۇ ياخشى ـ يامان كۈنلەردە، خۇشاللىق ۋە قايغۇدا ھالال جۈپتىڭىز بىلەن سىرداش،
تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولۇڭ، ئېرىڭىز ئىشقا ماڭسا « خۇداغا ئامانەت، يول بولسۇن » دەپ
تەبەسسۇم بىلەن ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويۇڭ، ئىشتىن قايتىپ كەلسە « ھارمىغايسىز »
دەپ خۇشال ـ خۇرام قارشى ئېلىپ قولىدىكى نەرسىسىنى ئېلىڭ، ئېرىڭىز بىرەر ئۇڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرىسا، تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈڭ، بىلەرمەنلىك قىلىپ « بۇ ئىش
سىزنىڭ يۇمشاقباشلىقىڭىزدىن شۇنداق بولغان، قاچانغىچە ئەر كىشىدەك بولارسىز » دې-
گەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماڭ. بىرەر سەۋەنلىك ئۆ-
تۈلسە، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ سادىقلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ، ئېرىڭىزدىن ئاچچى-
قىڭىزنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىماڭ، بىلىشىڭىز كېرەككى، ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ
ئەۋۋىلى ۋە ئەۋزىلى ھۆرمەتتۇر. ياخشى ئايال ئېرىگە ساداقەتمەن بولۇپ، ئېرىنىڭ ئىززەت ۋە
ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، بۇنداق ئايال ئېرىگە قىلغان ھۆرمىتىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە باراۋەر
ھۆرمەتكە ۋە ئەلنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « ئەگەر بەندىلەرگە سەجدە قىلماق شەرىئە-
تىمىزگە ئۇيغۇن بولسا، ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرار ئىدىم ». بۇنىڭدىن
شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئەرلىرىگە ئىتائەت ۋە ھۆرمەت قىلىش ئاياللارنىڭ مەجبۇ-
رىيىتىدۇر. ئورۇندالغان مۇشۇ خىل مەجبۇرىيەت تۈپەيلى ئايال ئېرىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە
ئەل ـ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەرلىرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئەر ـ ئاياللىق
مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولسا، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا ئېرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ
ئابرۇيىنى تۆكۈپ ئائىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئەرلىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىك



غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى
( 1994 — 1916 )

پۈتۈن ئۆمرىدە ئەللىك
يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى تېبا-
بەتچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ
قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى-
نىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كې-
سەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان
غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى
راك قاتارلىق قىيىن كېسەل-
لىكلەرنى داۋالاشتا كۆپ ئىزدە-
نىپ، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل
قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىش-
چانلىقى كېيىنكى ئەۋلادلارغا
ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى.

، ئىتائەت ۋە ھۆرمەت ئانىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ بىرىدۇر. تۆۋەندە ئىبرەتلىك بىر ئىشقا دىققەت قىلىڭ، بىرىگە سادىق بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاڭ.

بەسرە شەھىرىنىڭ ھاكىمى بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ. باغۋەنىنىڭ ئېپپەتلىك، نومۇسچان ۋە ئىنتايىن گۈزەل ئايالى بار ئىكەن. ھاكىم بۇ گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، باغۋەننى ئۇزاق بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئايالغا باغنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئايال ئىشنى ئورۇنداپ كەلگەندىن كېيىن، ھاكىم :

— ھەممە ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال پەقەت بىر ئىشىكنى تاقاشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھاكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، ئايال مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :

— ئۇ ئىشىك مېنىڭ ۋىجدانىم ۋە ئېرىمگە بولغان ساداقىتىمنىڭ ئىشىكى ئىدى.

ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ :

— سىڭلىم، مېنى ئەپۇ قىل، — دەپتۇ ـ دە، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

تېجەشلىك بولۇڭ، ئىسراپچىلىق، بەتخەجلىك قىلماڭ، لازىملىق نەرسىلەرنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتمەڭ. ئاددىي نەرسىلەرنىمۇ ئىسراپ قىلىۋەتمەي، پايدىلىنىشنى بىلىڭ. ئېرىڭىزنىڭ تاپقىنىنى باشقۇرۇشنى بىلىڭ. ئېرىڭىزنىڭ جاپا تارتىپ تاپقان مال ـ دۇنياسىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىساد قىلىپ ساقلاڭ. بارنى ئۇدۇللۇق خەجلەپ تۈگىتىۋەتسىڭىز، باشقىلارغا ھاجەتمەن بولۇپ قالىسىز. بۇ ناھايىتى ئېغىر كۈندۇر.

بارىغا قانائەت قىلىڭ، تاقەتسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. كېلىن، بالىلىرىڭىزغىمۇ ياسانچۇقلۇق، ئابرۇيپەرەسلىك قىلماسلىق، بارنى تېجەش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن



ئابدۇلھەمىت يۇسۇف

( 1994 — 1924 )

مول بىلىملىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى، نۇرغۇن تارىخىي، تىببىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇلھەمىت يۇسۇف ھاجى ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق بىلىمى بىلەن يۇقىرى شۆھرەت ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ بۇ ساھەگە بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

ئۆتۈشنى ئۆگىتىمىز ۋە ئادەتلەندۈرىمىز. چۈنكى بۇ دۇنيادا ياشاش ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىسادنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. ئىسراپچىلىق، تېجەشلىك بىلەن پۇل يىغىلماس. يىغىلسىمۇ قولدا ئۇزۇن تۇرماس.

قېينانىلار ئائىلىدە كۆپنى كۆرگەن بولىدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش تەجرىبىسىمۇ ئاشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كېلىنلىرىڭىزگە بىلگەنلىرىڭىزنى ۋە تەجرىبىلىرىڭىزنى ئۆگىتىڭ.

سىزنىڭمۇ قىزىڭىز بولسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزدىن ئايرىلىپ باشقىلارغا كېلىن بولۇپ كېتىدۇ. سىز قىزىڭىزنىڭ راھەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىسىز، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسە خۇشال بولىسىز، جاپا تارتسا، قېينانىلىرى خورلىسا قايغۇرىسىز، ھەتتا كۆز يېشى قىلىسىز. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قىزلىرىنىڭ راھەتتە ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەكسىچە گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. شۇڭا سىز ئۆزىڭىز خالىمىغاننى باشقىلارنىڭمۇ خالىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېلىنىڭىزگە مېھرىبان بولۇپ ئۇلارنى ئۆز قىزىڭىزدەك كۆرۈڭ.

بىزدە بەزىبىر قېينانىلار باركى، ئۆز قىزلىرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدۇ، قىزلىرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ، نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ، قىزى قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ. «ئەتىۋارلىقىم» دەپ يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزىدۇ. ئەمما كېلىنلىرىگە كەلگەندە ئىش باشقىچە، كېلىنلىرى ئازراق ئىشنى بۇزۇپ قويسا ياكى قىلالمىسا، «قانداق ئائىلىدە چوڭ بولغان بولغىيتتى، شۇنچە بولغۇچە ئانىسى مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئۆگەتمەپتىكەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كېلىنلىرىنى ئەيىبلەيدۇ، كېلىنلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن، ماڭغان تۇرقىدىن قىلغان سۆزى، كىيگەن كىيىملىرىدىن قۇسۇر، ئەيىب



ھەمدەم بەگ ھاجى
( 1938 — 1880 )

1933 ـ يىلى قوزغالغان جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، ھەربىي ئىلىمدە يېتىلگەن ئىستىبداتلىق ئەرباب، پۈتۈن ئۆمرى جەڭ ئىچىدە ئۆتكەن ئەل ئوغلى ھەمدەم بەگ ھاجى ھەرقانداق جەڭدە مەغلۇپ بولماسلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە نائىل بولغانىدى. ئېچىنىشلىقى شۇكى جاللات شېڭ شىسەي ھەمدەم بەگ ھاجىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە نامەلۇم.

تېپىپلا تۇرىدۇ. پۇرسىتى كەلسە ئوغۇللىرىغا يامان كۆرسىتىپ چاقىدۇ، ئوغۇللىرى خوتۇنىنى ئۆيلىغاندەك ئەدەپلەپ بەرمىسە، «خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىردى» دەپ ئۇلارنىمۇ قوشۇپ ئەيىبلەپ توقۇمىنى قارىنىغا ئالىدۇ ـ دە، «خوتۇنۇڭدىن ۋاز كەچمىسەڭ، بىزدىن كەچ» دەپ قاراپ تۇرۇپ باللىرىنى ئەيىبلەيدۇ، ئازابلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن بىر ئائىلىنىڭ بەختى نابۇت بولىدۇ. بۇنداق ناچار تەبىئەتلىك، ئىچى قوتۇر خۇلق ـ مىجەزلىك قېيناناىلارنىڭ ياخشى گېپىنى ھېچكىم قىلىپ قويمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ نامىنى بىر كىم تىلغا ئالمايدۇ.

تۆۋەندە شۇنداق يامان قېيناناغا كېلىن بولغان بىر كېلىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۇ نېمە دەيدۇ؟

*مەن ئۈچ كېلىن بىلەن بىر ئائىلىدە ياشايمەن، قېينانىمىز تېخى تېتىك ۋە تېمەن. ئۇ بىزنى ئارام ئالدۇرماي ئىشلىتىدۇ. لېكىن ئىشىمىزدىن ياكى بىزدىن مۇتلەق رازى بولمايدۇ. ئومۇمەن سىلىق ـ سىپايە ياخشى گەپلەرنى ۋە مېھرىبانلىقنى بىلمەيدۇ. قېينانىمىزنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئائىلە پەقەت ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشى شەرت. ئەتىگىنى تاڭ سەھەردىن تاكى يېرىم كېچىگىچە كېلىنلەرنى ئەيىبلەيدۇ، ئەرلىرىمىزگە يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئېيتىپ ئۇرۇشقا سالىدۇ.*

*قېينانام بىر ۋات ـ ۋات خوتۇن، ئۇ قارغاشنىڭ ئۇستىسى، قېيناتامنى، ئوغۇللىرىنى، كېلىنلىرىنى ۋە باللىرىمىزنى شۇنداق سەت سۆزلەر بىلەن قارغايدۇكى، ھەيران قالىسىز. ئۇ نېمىلا قىلسام ھەققىم بار، چۈنكى مەن ئانا، دەيدۇ. مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بولغۇسى قېينانىلار كېلىنلىرىنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق، مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى تەرەپلىرىنى ئاشۇرسا، ئەيىبىنى يوشۇرسا، ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش قىلغان بولاتتى. يەنە شۇنداق بىشەم كېلىنلەرمۇ باركى،*



غازىباي

( م . ئى IV — III ئەسىرلەر )

ئەپلاتون بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆتكەن دەپ قارىلىۋاتقان قەدىمكى داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپى غازىباي خوتەندە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ «غازىباينىڭ ئوت ـ چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يازغانلىقى مەلۇمدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتون ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غازىباينىڭ بۇ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەر ئالغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيىدىن IV — III ئەسىر ئىلگىرىلا ئىنسانىيەتنىڭ تېبابەت ئىلمىگە غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار قېيناتا، قېينانىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، دېگەندەك، قېينانا ۋە كېلىن بىر بىرى بىلەن ئۆزئارا يول قويۇشۇپ ئىناق ئۆتۈشسە بەختكە ئېرىشىدۇ...

مانا بۇ كېلىنلەرنىڭ قەلب سۆزى، يۈرەك ساداسى. قېينانىلار بۇ ساداغا قۇلاق سالغايسىز، سىز بۇ كېلىن تەرىپلىگەندەك قېينانا بولسىڭىز، ۋات ـ ۋات تەبىئىتىڭىزنى، ناچار خۇلق ـ مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز، ئائىلىڭىز بەختكە چۆمىدۇ، ئېنىقكى، « ئۆز ئۆيىدە بەختلىك بولغان ئادەملا بەختلىكتۇر » ( ل. ن. تولستوي )

قېينانا ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىم. « پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوبرازى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر تارىخي بوغۇمى، جاھان تارىخىنىڭ داۋامى » ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ) دۇر.

بالىنى تۇغۇشنىلا بىلىپ، پەرزەنت تەربىيىسىگە سەل قاراش كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن پازىل، دانىشمەنلەر بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىگە ئەمەس، پەرزەنت كۆرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراشنىڭ لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇلار: « كۆكتاتلاردىن، ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەردىن ۋە مېۋىلىك دەرەخلەردىن ياخشى مول ھوسۇل ئېلىش ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولغىنىدەك ئىنسانلارنىڭ نەسلىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى كۆپ جەھەتتە پەرزەنت يۈزى كۆرۈۋاتقان كىشىنىڭ شەھۋەتپەرەس ھالىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئادەم بىرەر دەردكە ( كېسەلگە ) دۇچار بولغاندا بۇ ئەھۋال قان ۋە سۈيدۈكتە مەلۇم بولغاندەك، ئادەمنىڭ مىجەزى، مەنىۋى ۋە ماددىي ھالىتى شەھۋەتنىڭ سۈپىتىگە تەسىر قىلىدۇ، شەھۋەتنىڭ سۈپىتى كەيپىيات ۋە شارائىتقا قاراپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەت بىلەن شەكىللىنىدۇ ». « ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، غەزەپ ـ نەپرەت، يۈرەكسىزلىك، قالاقلىق، بىلىمسىزلىك



خېۋىر تۆمۈر

( 1922 — 1992 )

« موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە »، « ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە »، « بالدۇر ئويغانغان ئادەم »، « تاڭ ئالدىدا » ... قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، پەزىلەتلىك، كەمتەر، تىرىشچان يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئېسىل مىراسلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ.

نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ » دەپ قارايدۇ.

« خوتۇنىنىڭ ئېرىگە بولغان مېھرىبانلىقى پەرزەنتىنىڭ ئاتىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ قورساقتىكى چاغدىلا بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە ئەرنىڭ ئۆز خوتۇنىغا بولغان مېھرىبانلىقىمۇ بالىدا ئانىغا قارىتا مېھرىبانلىقنى پەيدا قىلىدۇ » دەيدۇ كۆپنى كۆرگەن ئۇلۇغلار.

ئۇلار يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلەيدۇ: « بولۇپمۇ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنى ۋە كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم. ئۆزىگە بولغان ھۆرمەت، مېھىر ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈنى كۆرگەن ئايالنىڭ كۆزلىرى ياشناپ، چىرايىدىن نۇر ياغىدۇ، چىرايى ۋە لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدۇ. بۇ ئەر كىشىنىڭ بەختىدۇر. ئىككى تەرەپنىڭ ياشناۋاتقان بەخت ھاراراتىدىن پەيدا بولغان پەرزەنتلەر پەرىشتىدەك ئەقىللىق، ئىستېداتلىق، چىرايلىق، مېھرىبان بولۇپ تۇغۇلىدۇ » ...قەدىمدىن بۇيان « نېمىنى تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن » دېگەن نەقىلنىڭ ھايات ساۋىقى ئەنە شۇنداق بولۇپ كەلدى. شۇنداق، بالىنىڭ كەمتۈك، مېيىپ، ئەقىلسىز، دەلدۈش تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەب بالىدا بولماستىن، بەلكى ئاتا ـ ئانىلاردىدۇر، بۇنداق بالىلار ئائىلە ئۈچۈن يۈك بولۇپلا قالماي، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا قېينانا بولغۇچى ( جۈملىدىن بارلىق ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ) ئانىنىڭ قورسىقىدا ھامىلە ئاپىرىدە بولۇش مەزگىلىدىكى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشى، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىلمىي ئاساسلارنى ئەسلىرىدە ساقلىشى لازىم.

تەربىيە كۆرگەن قېينانا پەرزەنتلىرىنى ( نەۋرىلىرىنى ) قورساق كۆتۈرگەن كۈنىدىن باشلاپ، تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئالايلۇق، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ھامىلە ئۈچۈن ئوزۇقلۇقى مول، ساپ يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش، روھىي كەيپىياتىنى نورمال تۇتۇش، ئائىلىدە جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىق، كەڭ قورساق بولۇش، ئائىلە



غېنى باتۇر

ئۆزىنىڭ چەكسىز كۆچتۈڭگۈرلۈكى ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى، ئۇرۇشتىكى باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا ھەرخىل ئەپسانىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان غېنى باتۇر 40 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ناھايىتى مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان. ئۇ 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە 90 ـ يىللاردا ئالمۇتادا ۋاپات بولغان.

مۇھىتى ساپ ۋە پاكىز بولۇش، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش، ئازادە، يەڭگىل كىيىملەرنى
كىيىش، ئېغىر ھەرىكەت قىلماسلىق ...قاتارلىقلار ھامىلە تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك
ئىشلاردۇر. بۇ مەزگىلدە ياخشى كۆرىمەن دەپ بىر خىللا ئوزۇقلىنىش ۋە قالايمىقان
يەۋېرىش، روھىي كەيپىيات تۇراقسىز بولۇش، ئىچى تار، زورلۇق قىلىش، ئائىلىدە
يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن جېدەل ـ ماجىرا قىلىش، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك،
مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلماي، ھورۇنلۇق قىلىپ دائىم يېتىۋېلىش، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا
كۆيۈنمەسلىك، مۇھەببىتى سوۋۇلۇش ...قاتارلىقلار ھامىلىنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە
پايدىسىز ناچار ئىشلاردۇر.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن نورمال ئۇخلىتىش، مۇۋاپىق يۇيۇندۇرۇش، تېنى ۋە كىيىمـ
لىرىنى پاكىز تۇتۇش، ئېھتىياجىغا قاراپ ئوزۇقلاندۇرۇشتىن تارتىپ تىلى چىقىپ ماڭـ
غانغا قەدەر بولغان تەربىيىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش زۆرۈر.

پەرزەنتىڭىز ( نەۋرىڭىز ) ئوقۇش يېشىغا توشقاندا مەكتەپكە بېرىڭ. « مەكتەپ ۋايىغا
يېتىۋاتقان ئەۋلادلار تەپەككۇرىنى شەكىللەندۇرۇش دەرىسخانىسىدۇر » ( ئا. باربيۇس )
پەرزەنتىڭىزنى مەكتەپكە بەرگەندىن كېيىن تەربىيە دېگەننى مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى بېرىدۇ،
دەپ قارىماي، ئائىلىدە سىزمۇ مۇۋاپىق تەربىيە قىلىپ تۇرۇڭ. 24 سائەت ئىچىدە پەرزەنـ
تىڭىزنىڭ مەكتەپتە تۇرۇش ۋاقتى كۆپ بولغاندا 6 ـ 7 سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ، قالغان ۋاـ
قىتتا ئائىلىدە، سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولىدۇ. پەرزەنتىڭىزنىڭ يېشىنىڭ چوڭكىچىكلىكى ۋە
ئەقلىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەربىيىلەش تەلەپلىرىمۇ ئۆزگىرىپ بېرىشى كېرەك.

پەرزەنتلەر تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈلگە بولۇشى ھەر قانداق شەكىلدىكى ۋەز ـ
نەسىھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى،
قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار



خوجىنىياز ھاجى
( 1938 — 1889 )

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى
زامان تارىخىدىكى قوزغىلاڭ‐
نىڭ رەھبىرى خوجىنىياز
ھاجى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ
ئىشلارنى قىلغان. ئۇ قوزغىـ
غان قوزغىلاڭنى دەۋرىمىز قەـ
دىرلەيدۇ ھەمدە تارىخ ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ بىباھا ئالتۇن بەتلىـ
رىدىن ئورۇن بېرىدۇ. خەلقىـ
مىز خوجىنىياز ھاجىدىن ئىـ
بارەت ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈـ
چۈن كۈرەش قىلغان، ۋەتەن
بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مىلـ
لىي قەھرىماندىن مەڭگۈ پەـ
خىرلىنىدۇ.

جەھەتلەردە باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ، پەرزەنتىڭىزنىڭ ئالدىدا مېڭىش ـ تۇرۇشىڭىزغا، كىيىنىشىڭىزگە، تاماق يېيىش، يېتىپ ـ قوپۇش، گەپ ـ سۆزلىرىڭىزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، باللار سىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىزنى دوراشقا ئامراق كېلىدۇ. « كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلۇر، كۆرمىگەن نېمىنى قىلۇر » دېگەن ھېكمەت دەل يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

بولۇپمۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئانىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ، شۇڭا ئانا ئالدى بىلەن ئۆزى ئائىلە باشقۇرۇشتىن تارتىپ بالا تەربىيىلەشكىچە بولغان مۇشۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىدە پەرزەنتلىرىنى تېگىشلىك خۇلق ۋە ئەخلاققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. نادان ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى قانچىلىك كۈچلۈكلۈكىدىن قەتئىينەزەر، يامان تەربىيىچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. » ( مېچنىكو )

پەرزەنتىڭىزنىڭ راستچىل، مۇلايىم بولۇش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىش، ئۆزى قىلالايدىغان، چامى يېتىدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىش، ھورۇن بولماسلىق، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماسلىق، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز ساقلاش، تاماق تاللىماسلىق، بەتخەجلىك قىلماسلىق، ياسانچۇق بولماسلىق، چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق قىلماسلىق، جۈرئەتلىك بولۇش، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئاتا ـ ئانا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىزدۇر.

پەرزەنتىڭىزگە يالغان سۆزلىمە دەپ تۇرۇپ، قېرىنداشىڭىز پۇل ئۆتنە سوراپ كىرسە، بار تۇرۇپ بەرمىسىڭىز، ئۆز ئارا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلىپ تىللاشسىڭىز ياكى بالىنى ئازراق كەمچىلىكى ئۈچۈن ئۇنداقچى، مۇنداقچى دەپ تىللىسىڭىز، ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەملەشمەي بالىڭىزنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىز



نىيازى

( 1865 ~ 1780 )

موللا مۇھەممەت نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم ئېگىلەپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارنى ھازىرلاپ، ھاياتلىقىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. « قىسسەسۇل غەرايىب »، « دىۋانى نىيازى » ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر. ئۇ يەنە تەرجىمە ساھەسىدىمۇ خېلى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، « تارىخى رەشىدي » نىڭ تەرجىمىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

قىلالايدىغان ئىشنى باشقىلارغا قىلدۇرسىڭىز، يېنىڭىز دائىم يەر تارتىپ تۇرسا، بالىڭىز قىلالايدىغان ئىشنى ئۆزىڭىز قىلىپ، ئۇنى ئىشقا بۇيرۇمىسىڭىز ھەم قىلدۇرمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پاسكىنا، تۇگمىلىرى ئۈزۈلگەن تۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى مەينەت قىلىپسەن، دەپ قورقۇتسىڭىز، «ئەتىۋارلىقىم» دەپ بۈگۈنى ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپ، ئۈگۈنى ئىشتان، پايپاق، مۇنچاققا پۇل خەجلەپ ياساپ قويسىڭىز، نېمىنى تەلەپ قىلسا ئىيماي، بالىنىڭ رايىنى قايتۇرماي پۇل خەجلەۋەرسىڭىز، بالىنىڭ ئالدىدا قوشنىڭىزنىڭ ياكى كۆزىڭىزگە سىغمىغان بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خۇشخۇي دەپ كەينىدىن يامان گېپىنى قىلسىڭىز، يۈرەكسىزلىك قىلىپ ئاخشاملىرى يالغۇز سىرتقا چىقالمىسىڭىز، ئىككى قوشنىڭىز جېدەللىشىپ قالسا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئايرىپ، تەربىيە قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئورنىغا «كارىم نېمە؟ ئۇرۇشسا ئۇرۇشمامدۇ؟» دەپ تۇسمىسىڭىز، يولدا ئۇچرىغان بىر باش قوناق، ئىككى باش سەۋزىنى، قوشنىڭىزنىڭ بالىسى ئويناپ بولۇپ يولغا تاشلىۋەتكەن كەشنى كۆرمىدى دەپ ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرسىڭىز ...بالىڭىز سىزدىن شۇنى ۋە شۇنداق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، بارا بارا يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ. چۈنكى: «ئاتا - ئانا پەرزەنت دىققەت نەزىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرىدۇ» (ئا. مۇھەممەتئىمىن)، «بېسىلغان قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتېرگە، خاراكتېر بولسا قىسمەتكە ئايلىنىدۇ». ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى مۇنۇ چۆچەكنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

*بۇرۇنقى زامانلاردا مەلۇم بىر شەھەردە بىرخوتۇننىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئوغلى دادىسىدىن كىچىك قاپتۇ. بۇ خوتۇن يىپ ئېگىرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئوغلى بىلەن كارى بولمايدىكەن، ئوغلى ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، كۈن بويى تالادىن كىرمەيدىكەن، ئۇ ئاستا - ئاستا ئەسكى قىلىقلارنى ئۆگىنىپتۇ، ئۆرۈك ئوغرىلاپتۇ، نان ئوغرىلاپتۇ، ئوغرىلىغان*



مەشرەپ

( 1711 — 1653 )

ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىق ئىزدىنىپ ئۆتكەن ئەلمىلىك شائىر، ئىسيانكار مۇتەپەككۇر، ئۆزبېك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك نامايەندە بابا رەھىم مەشرەپ 20 يىلغىچە داۋاملاشقان سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلاپ ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى شەپقەتسىز پاش قىلغىنى ئۈچۈن بەلخ ھاكىمى مەھمۇدخان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.



ناقىس

( 1843 — 1922)

يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بىر قاتار بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى-نى تاشقىرى بەكمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان قىزىقارلىق ھەم كۆلكىلىك ھەزىللىرى بىلەنمۇ يۈكسەك ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە ئېرىشكەن تالانتلىق ئەدىب، « دىۋانى ناقىس » نىڭ مۇئەللىپى، « گۈلزار بىنىش » ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگۈچىسى ناقىسنىڭ نام - شەرىپى تىلدىن - تىلغا كۆچۈپ ئەبەدىي يادلانغان ھالدا ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇ-تەۋەر ئەدىبلەر قاتارىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

نەرسىلىرىنى ئانىسىغا ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئانىسى نېرى - بېرىسىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بالىسىنى ئوغرىلىقتىن توسىماپتۇ. ئۇ بارا - بارا كۆزگە كۆرۈنگەن نەرسىنى ئوغرىلايدىغان بوپتۇ، ئەمدى كىچىك ئوغرىلىق يانچۇقچىلىققا تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېنىنى كوچىلاپ پۇل ئوغرىلايدىغان بوپتۇ، ئائىلە تۇرمۇشى بارا - بارا ئوغرىلىقتىن كەلگەن كىرىم بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئەمدى يەنە يانچۇقچىلىقتىن تەرەققىي قىلىپ چوڭ ئوغرىلىقنىڭ ھەممە-سىنى قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى-لىققا كىرىپتۇ. بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىققا كىرىپ نورغۇنلىغان دېمەن - دۇنيا ئوغرىلاپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە خەزىنىگە ئوغرىلىققا كى-رىپتۇ، بۇ قېتىم تۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دارغا ئې-سىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە بۇ ئوغۇلنى دارغا ئاسماق بولۇشۇپتۇ. جازا مەيدانىغا تەختىنى قورۇپ، پادىشاھ تەختكە چىقىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. دارغا يېقىن كەلگەندە بۇ ئوغۇل: « ئانام بىلەن ۋىدالىشىۋالسام، دەيدىغان گېپىمنى دەۋالسام » دەپ پادىشاھتىن ئۆتۈنۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈ-ۋېلىشىغا ئىجازەت قىپتۇ.

— ئانا! ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا سەن بىلەن سۆزلىشىۋالاي، تىلىڭنى چىقارساڭ، تىلىڭنى بىر شورىۋالاي، — دەپتۇ بالا.

ئانىسى ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە تىلىنى شۇنداق چىقارغانىكەن، ئوغلى « كاچ » قىلىپ چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— دەرھال بالىنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ جاللاتلارغا ھۆكۈم قىپتۇ، جاللاتلار بالىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.



نەزەر خوجا

( 1887 — 1951 )

ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەرىپەتپەرۋەر زات، تارىخچى، يازغۇچى، شائىر ۋە قەدىمكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى نەزەر خوجا ( تەخەللۇسى ئۇي-غۇر بالىسى ) پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، مائارىپقا ئاتىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

ئۇنىڭ يازغان ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە شېئىر-لىرى « يورۇق ساھىللار » دېگەن نامدا توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، قىممەتلىك مىراسقا ئايلىنىپ قالدى.

— سەن نېمە ئۈچۈن دارغا ئېسىلىش ئالدىدىن ئاناڭنىڭ « دۇئاسىنى ئېلىپ رازىلا-شماستىن، ئەكسىچە سېنى كىچىكىڭدىن جاپا چېكىپ باققان ئاناڭنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىسەن، — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ بۈگۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىم ئانامنىڭ سەۋەبكارلىقىدىن بولغان. مەن ئاۋۋال باشلاپ ئۆرۈك ئوغرىلاپ ئەكىردىم. نان ئوغرىلاپ ئەكىردىم، كېيىن پۇل ئوغرىلاپ ئەكىردىم، ئانام مېنى ئوغرىلىق قىلىشتىن توسمىدى. بەلكى خۇش بولدى، مەن ئانامنى خۇش قىلدىم، دەپ ئوغرىلىقنى داۋاملاشتۇردۇم. بارا ـ بارا يۈرىكىم يوغىناپ، تې-خىمۇ چوڭ ـ چوڭ ئوغرىلىقنى قىلدىم، ھەتتا ھەددىمدىن ئېشىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىردىم. ئاخىر تۇتۇلۇپ بۈگۈنكى ئاقىۋەتكە قالدىم. ئەگەر كىچىك ۋاقتىمدا ئانام مېنى ئوغرىلىق قىلىشتىن توسقان بولسا، ئوغرىلىقتىن قولۇمنى يىغقان بولاتتىم. شۇڭا ئانامنىڭ ئوغرىلىققا ئۈگەتكەن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدىم، — دەپتۇ بالا.

— ئۇ راست سۆزنى قىلدى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، ئانىسى ئۇنى بېقىشنى بىلىپ، يامان يولدىن توسمىغانلىقتىن جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغان. كىچىك بالا دېگەن بىر گىياھنىڭ نوتىسىغا ئوخشاش يۇمران كېلىدۇ. قايسى ياققا ئەگسە شۇ ياققا ئۆسىدۇ. بۇنىڭ جىنايى يولغا كىرىپ قالغانلىقىغا ئانىسى سەۋەبچى بولغان. بۇنى ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلدىم، قويۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. قاتتىق تۆۋە قىلىپ ئوغرىلىقتىن قولىنى يىغىپتۇ. خالايىقلار بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ئىبرەت ئاپتۇ.

تارىخقا نەزەر سالساق، « تارىختا ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن ئاشىقلىق داستانى ياراتقان يىگىت ـ ئەركەكلەر، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەرلەر نۇرغۇن. ئوخشاشلا ئۆز خوتۇنىنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن، ئېپپەتسىزلىكىدىن،

سۇرەملىكتىن ، پىتنىخورلۇقتىن ، ئاچ كۆزلۈكتىن ، زالىملىقتىن ، بىپەرۋالىـ
قتىن ، دەرغەزەپلىكتىن ، نادانلىقتىن ، تەنتەكلىكتىن ھېچبىر ئىشى يۈرۈشمەي ،
كۆڭلى ئېچىلماي ، خارلىق ، مەينەتچىلىك ، نادامەت ئىچىدە نەس بېسىپ يۈرگەن ئەرلەر
ئازمۇ ؟ بۇ ماھىيەتتە مىللەت بەدىنىدىكى پاجىئەدىن ئىبارەت. خەلق توغرا ئېيتىدۇ: « ئەرنى
ئەر قىلغانمۇ خوتۇن ، يەر قىلغانمۇ خوتۇن » ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ) ئانىلار ، بىلىپ
قېلىڭلار ، ئەرلىرىمىزنىڭ بەختى ، ئائىلىنىڭ بەختى ، مىللەتنىڭ تەقدىرى سىلەرنىڭ
قولۇڭلاردا. ئەرلىرىمىزنى يەر قىلماڭلار !...



تۆمۈر سىجاڭ
( 1886 — 1933)

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ ئىنقىلابقا ماسلىشىپ كۇچاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆمۈر ئېلى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىپ « سىجاڭ » لىق مەنسىپكە تەيىنلەنگەن. تۆمۈر سىجاڭ گەرچە قورقماس بولسىمۇ ، ئەمما قارا كۈچكە تايىنىپلا ئىش كۆرمەكچى بولغاچقا ، ناھايىتى كۆپ ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۆمۈر سىجاڭنىڭ خەلق ئىنقىلابىدا ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولغان.

## 7 . كىيىنلەرنىڭ ئەخلاقى

*سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا قانداق مۇئامىلە قىلسىڭىز ، بالىڭىزنىڭمۇ سىزگە شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ .*

فالىس

كېلىن ـــ ئىككى ئائىلىگە تەڭ بالا بولۇپ، « ھەر ئىككى ياقتىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز ئارا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى بەرپا قىلغۇچى ئاساسىي كۈچ. ئۇلار خۇددى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ. ( ھەمىد زىيايىمۇ ) شۇڭا كېلىننىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى قۇدىلارنىڭ ئەپ ئۆتۈشىدە، ئائىلىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم.

كېلىن بولغۇچى قېيىنانا، قېيىناتىڭىزنى، ئېرىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەڭ. ئۇلارغا مېھرىبان، شەپقەتلىك بولۇڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىتائەتمەن بولۇڭ، بۇيرۇغانلىرىنى « خوش » دەپ تۇرۇپ ئورۇنداڭ. سىزنىڭ توغرا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ گەپ تالاشماڭ، جاۋاب قىلماڭ. شېرىن سۆزلۈك بولۇڭ، بولۇپمۇ قېيىنانىڭىزنى سىزنى تۇغقان ئانىڭىزدەك كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىپ رازى قىلسىڭىز، كۈنلەردىن بىر كۈنى كېلىنىڭىزمۇ سىزنى شۇنداق ھۆرمەت قىلىدۇ. چۈنكى « نېمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ » ئەمەسمۇ؟ ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى ھېكايىنى كۆرۈڭ.



ئوسمان قاسىم

( 1920 ـــ 1994 )

قەشقەر بەشكېرەمدە تۇغۇلغان. ناھايىتى كۆپ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى يادقا ئېلىپ، ئافراسىياپ، قاراخان، سۇتۇق بۇغراخان، ئافاق خوجا ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشى بىلەن مەتبەئەگە ئېلىنغان « ئافرات خاقان ۋە توققۇز قىز » ناملىق رىۋايەت چوڭ تەسىر قوزغىغان. ھەرخىل رىۋايەت توپلاملىرىغا ئۇ سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇ يەنە خېلى كۆپ ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.



ناسىر بەگ

( 1891 — 1979)

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەرجىمانلىق بىلەن تونۇلۇپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ناسىر بەگ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ياشىغان قابىلىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. گەرچە ئۇ ياڭ، جىن، شېڭ ۋە گومىنداڭدىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلغان.

بىر يىگىت قېرىپ كۆزلىرى غۇۋالاشقان ، بىر نەرسە تۇتسا قوللىرى تىترەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دادىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمايدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي تاماق ئۇسۇپ بەرگەن تاۋاقنى تۇتالماي قالغانلىقتىن تاۋاق يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا كېلىنىنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ بىر مۇنچە تاپا ـ تەنە، سېسىق گەپلەرنى قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى بوۋاينى ھويلىنىڭ چېتىدىكى زەي، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بازاردىن ئالايىتەن بوۋاي ئۈچۈن ياغاچ چۆچەك سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ چۆچەكتە تاماق بېرىدىغان بوپتۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنىدىن بۇ خورلۇقنى كۆرگەن بوۋاينىڭ دىلى بەكمۇ رەنجىپتۇ. بوۋاينىڭ بەش ـ ئالتە ياشلىق بىر نەۋرىسى بار ئىكەن. بوۋاي بۇ نەۋرىسىنىڭ يېنىدىن بىردەم نېرى كەتمىگەنلىكى بىلەنمۇ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۆتىدىكەن. بالا بوۋىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىلىق تىلى بىلەن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى يېنىكلىتىدىكەن.

بىر كۈنى دادىسى ئوغلىنىڭ پىچاق بىلەن بىر ياغاچنى يونۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ :

— بالام نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا دادىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— دادا، سىز بوۋامغا تاماق بېرىشكە بىر ياغاچ چۆچەك ئەكەلدىڭىزغۇ، ئاپام بوۋامغا ئاشۇ چۆچەكتە تاماق بېرىۋاتىدىغۇ، مەنمۇ مۇشۇ ياغاچتىن چۆچەك ياساۋاتىمەن، مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئاپام بىلەن سىزگە مۇشۇ چۆچەكتە تاماق بېرىمەن، — دەپتۇ.

بالىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ يىغلىغىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئەپۇ سوراپتۇ ۋە بوۋاينى ھەم يورۇق ھەم ئىسسىق بىر ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاماقنى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يەيدىغان بوپتۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۈتۈپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر

ئېلىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان بوۋاي :

— بالىلىرىم، ئەمدى كۆڭلۈم غەم - قايغۇدىن قۇتۇلدى، مەن سىلەردىن رازىمەن، مانا مۇشۇ نەۋرەم — كىچىك قوزىچىقىم سىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، — دەپتۇ.

كېلىن بولغۇچى قېينانا، قېيناتىڭىزنىڭ، ئېرىڭىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىجەز خاراكتېرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماسلىشىڭ. ھەر قانداق ئائىلىنىڭ ۋە شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز خاراكتېرى ئۆزگىچە بولىدۇ ...« بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنداقتى، بۇ ئۆيدە مۇنداقكەن » دەپ تۇرۇۋالماڭ. قېينانا، قېيناتىڭىز چاي ئىچىشكە ئامراق بولسا، سىزمۇ تەدرىجىي چاي ئىچىپ ئادەتلىنىشكە تىرىشىڭ. قېينانىڭىز گەپدان بولسا، سىز سۈكۈت قىلىشنى ئادەت قىلىڭ. قېيناتىڭىز سەپرا مىجەز بولسا، سىز ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ كېتەلەيسىز، كۆڭلىڭىزمۇ خاتىرجەم ئۆتىدۇ.

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدە كۆرسىتىلگەندەك، ماسلاشقانلار ئامان قالىدۇ، ماسلىشالمىغانلار شاللىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ تۆۋەندە بىر ئائىلىگە كېلىن بولغان بىر كېلىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭ.

*مەن چوڭ بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرىپ ياخشى ھايات كەچۈرمەكتىمەن. قېينانام، قېيناتام، ئېرىم ۋە قېيىنسىڭىللىرىم ھەممىمىز بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۆتىمىز. ئۇلار كۆپچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ھەر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە، تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماسلاشتىم. شۇنداق بولغاچقا، مەن ھازىر ئۇلارنىڭ كېلىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئۆز پەرزەنتى سۈپىتىدە ھېس قىلىمەن. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشتىم، ئەڭ ئالدى بىلەن قېينانام ۋە ئېرىم توغرۇلۇق بىرەر يامان سۆزنى ئۆز ئاتا - ئانامغا دېمىدىم.*



ئابدۇللا داموللا

(1898 — 1940)

توقسۇندا تۇغۇلغان. 1933 - يىلى تۆمۈر سىلىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە بولۇپ، قوشۇنىنىڭ ھەربىي ئەمىنات مەسئۇلى بولغان ۋە شېڭ شىسەينىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئۆلكىلىك ئەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلەپ، خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن.



تېيىپجان ھادى

( 1922 — 1989)

يازغۇچى ۋە تارىخچى، « پالۋان كەلدى »، « چورۇق ھېكىم »، « ئۆچكەدۈگدە لاۋۇلدايدىغان مەشئەللەر » ناملىق ھېكايىلەرنىڭ، « ئىلى گۈلى، بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى » ناملىق تارىخىي ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى تېيىپجان ھادى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ يېزىقچىلىق قىلىشتىن سىرت ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئەپسۇسكى، « ئىلى تارىخىدىن ئىزلار » ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرنى تاماملىيالماي دۇنيادىن ئۆتكەن.

سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇش، يول قويۇشنى بىلىش. بىر ئائىلە دېگەندە چىنە ـ قاچىلارمۇ نىگاندا « تاراق ـ تۇرۇق » بولۇپ قالىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ ئۇقۇشماسلىقلار ۋە ناھەقچىلىكلەر بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ قېينانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىشمەسلىك، ئۇقۇشماسلىقنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئائىلىدە كېلىنلەر بىلەن قېينانا ئوتتۇرىسىدا نىزا ۋە جېدەل ـ ماجىرانىڭ سادىر بولۇشى كۆپىنچە سەۋرسىزلىكتىن بولىدۇ. كېلىن بولغۇچى ھەر قانداق ئەھۋالدا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇپ، بىردەملىك ئاچچىققا ھاي بەرسە، ئۆتكەنگە سالاۋات قىلسا، ئائىلىدە ئۇقۇشماسلىقلار سەۋەبىدىن بولىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە جېدەل ـ ماجىرادىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئازراق ئىش ئۈچۈن يەڭگىلتەكلىك قىلسىڭىز، كىچىككىنە ئىشمۇ چوڭىيىپ ئائىلە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىسىز، شۇڭا ئەجدادلىرىمىز « سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن » دەپ توغرا ئېيتقان. خالىسىڭىز شۇ مەزمۇندىكى مۇنۇ ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ.

*ئۆتكەن زاماندا بىر كىشى تۆگىسى بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ تورمۇشىنى ئاران قامداپ يۈرىدىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى كىشىلەر تۆگىچى دېيىشىدىكەن. ئايرىم ۋاقىتلاردا ئۇ چوڭ سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ چەت مەملىكەتلەرگىمۇ بارىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىپايان چۆل ۋە ئېدىرلاردا سودا كارۋىنى كېچىلىك دەم ئېلىشتىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقاندا، تۆگىچى ئۆزىنىڭ تۆگىسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپتۇ. تۆگىچى ئۇنى ئىزدەپ بىر بارخاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندە ھەيران قالارلىق بىر ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قارىسا بىر كالا مۇش① تۆگىنىڭ تومشۇقىغا باغلانغان ئۇزۇن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، ئۇنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئەگەشتۈرۈپ يۈرگۈدەك. بۇنىڭغا ھەيران قالغان تۆگىچى*

① كالامۇش ـــ ئۆزى كىچىك، سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننىڭ بىر تۈرى.



مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

( 1914 — 1990 )

مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە تارىخشۇناس ۋە تەزكىرىشۇناس، «قەشقەردىكى يادىكارلىقلار»، «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، «ئابدۇقادىر داموللا ئۆلتۈرۈلگەن پاجىئەلىك كېچە»... قاتارلىق بىر يۈرۈش تەتقىقات ۋە ئەسلىمە خاراكتېرىگە ئىگە ئېسىل ماقالىلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى ( ئىمشىقى ) بىلىمخۇمار ئەۋلادلار قەلبىدىن مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ ۋەقەنى كۆزىتىپتۇ. تۆگە كۈن بويى ھېلىقى ھايۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ھېلىقى ھايۋان ئۆزىدىن خېلى چوڭ بۇ ھايۋاننىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پەخىرلىنىپ ۋە زوقلىنىپ، خۇشاللىقىدىن توختىماي چىرقىرىغۇدەك. تۆگىچى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، تۆگىنىڭ ئۆزىدىن مىڭ ھەسسە كىچىك ۋە ئاجىز بىر مەخلۇقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى خۇشال قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ ئۆز تۆگىسىنىڭ كەمتەرلىكىدىن، سەۋر - تاقەتلىك ئىكەنلىكىدىن ۋە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمەيدىغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ھېلىقى كىچىك ھايۋان ئارقاننى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا تارتىشقا باشلاپتۇ. تۆگە تۇمشۇقى كالا مۈشنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئاغزىغا تاقالغۇچە بېرىۋېرىپتۇ. ئارقاننى تارتسام كالا مۈشنىڭ چىشى سۇنۇپ كەتمىسۇن دېگەندەك قىلىپ چۆكۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ، بىر ۋاقىتتا كامار ئىچىدىن ئارقاننى تارت دېگەندەك ئىشارەت كەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تۆگە ئارقىسىغا سىلجىپ ئارقاننى تارتىشقا باشلاپتۇ. ئارقاننىڭ كالا مۈش چىشلىگەن ئۇچى كاماردىن چىققىنى بىلەنلا ئەتراپنى شۇئانلا نۇر قاپلاپتۇ. ھەيران قالغان تۆگىچى يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا ئارقاننىڭ ئۇچىغا ياڭاقتىن چوڭراق جاۋاھىر باغلانغانىكەن. ئۇ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك، بۇ تۆگىنىڭ مېھرىبانلىقى، سەۋر - تاقىتىگە كالا مۈشنىڭ بەرگەن ئىنئامى ئىكەن.

بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ تۆگىچى ۋە جاۋاھىرنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ، شۇ چاغدا بۇ جاۋاھىرنىڭ بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامان ئىلگىرى بىر پادىشاھلىقتا يوقالغانلىقى ۋە ئۇنى كۆپلىگەن پادىشاھلار شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىغانلىقى ئايان بوپتۇ.

بۇ جاۋاھىر شۇ قەدەر نادىر ۋە قىممەتلىك ئىكەنكى، بىر قانچە دۆلەتنىڭ خەزىنىلىرىنى قوشقاندىمۇ ئۇنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلمەيدىكەن.

پادشاھ جاۋاھىرنىڭ ھەققى ئۈچۈن تۆگىچىگە تون، سەرپايلار ۋە مال ـ مۈلۈك بېرىپتۇ. تۆگىگە بولسا ئالاھىدە ياسالغان قوتان ۋە يايلايدىغان چوڭ مەيدان بېرىپتۇ. مانا بۇ بايان قىلىنغان ۋەقەدىن كېيىن «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن ماقال پەيدا بولغانىكەن.

چېقىمچى، غەيۋەتخور بولماڭ. چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق كىشىلەرنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان، ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ يامان ئىللەت.

ھەرقانچە ياخشى ئانا بولسىمۇ ئۆز قىزىنىڭ چېقىمچىلىقىغا ئىشەنمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بەزى كېلىنلەر ئۆزلىرىدىكى ئەيىبنى كۆرمەي قېينانا، قېيناتىلىرىدىن يامانلاپ يارىدۇ. ئۆزىنى خورلۇقتا قالغاندەك، ئېرىنىڭ كارى بولمىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەڭگىل مىجەزلىك ئانا ـ ئانىلار قىزىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قۇدىلىرىدىن رەنجىيدۇ ـ دە، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزى كېلىنلەر قېينانا، قېيناتىلىرىنى، ئېرىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئېرىگە چاقىدۇ ـ دە، بۇ ئائىلىگە ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە جېدەل ـ ماجىرا كۆپ بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىش ـ ئوقەتتى ئالغا باسمايدۇ، ئائىلە غورىبەتچىلىكتە، پەرىشانلىقتا ئۆتىدۇ. بۇنداق ئىتتىپاقسىزلىق، جېدەل ـ ماجىرا مۇھىتىدا بالىلىرىمۇ ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق لەنەتلىنىپ كەلگەن.

چېقىمچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ھېكايەتكە قۇلاق سالغايسىز.

*بىر پادشاھنىڭ دانا ۋەزىرى بار ئىكەن. ھەر كۈنى پادشاھنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل، يامانغا ئۆزىنىڭ يامانلىقى كۇپايە» دەيدىكەن. پادشاھ ئۇ ۋەزىرىنى ھۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما مۇلازىملىرىدىن بىرى ئۇ دانا ۋەزىردىن ھەسەت*



روزى ھاجىم

( 1860 — 1962 )

ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات روزى ھاجىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ ھەر خىل خەلق قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقاندىن سىرت، ئۈرۈمچىدە «ئەختەرىيە» (دەسلەپتە «تۇرانى» ئىدى) مەكتىپىنى ئېچىپ ئەۋلاد تەربىيىلەشكە كۈچ چىقارغان. ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

قىلىدىكەن. بىر كۈنى بۇ ھەسەتخور مۇلازىم ۋەزىرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پادشاھقا:

— ۋەزىرلىرى ھەر دائىم جاناب ئالىيلىرىنى يامانلاپ: «پادشاھنىڭ ئاغزى بەدبۇي، سېسىق پۇرايدۇ، يېنىغا بېرىشقا زادى تاقەت قىلالمايمەن» دەيدۇ، — دەپتۇ.

پادشاھ ھەسەتخوردىن سوراپتۇ:

— بۇ سۆزۈڭگە دەلىلىڭ بارمۇ؟

ھەسەتخور:

— ۋەزىرلىرىنى ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتقايلا، ئەگەر ئۇ قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ كىرسە، توغرا سۆزلىگىنىمنى بىلىلا، — دەپتۇ.

بۇ يامان نىيەت مۇلازىم پادشاھ يېنىدىن چىقىپ ھېلىقى ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ. ۋەزىر مېھمان بولۇپ بارغاندا، ئۇنى سامساق سېلىنغان تاماق بىلەن مېھمان قىپتۇ. ۋەزىر زىياپەتتىن كېيىن ئۇدۇل پادشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. پادشاھ:

— يېقىنراق كەل! — دەپتۇ. ۋەزىر كۆڭلىدە: «پادشاھىمىز سېسىق سامساق ھىدىدىن بىھۇزۇر بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ پادشاھقا يېقىنراق كەپتۇ. پادشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، مۇلازىمنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

پادشاھنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىكەن. بىر كىشىگە ئىلتىپات ياكى غەزەپ قىلسا، خەت يېزىپ مۆھۈرلەپ: «بۇ خېتىمنى مىلىك ساراي باشلىقىغا بەر» دەپ خەتنى شۇ كىشىگە تاپشۇرىدىكەن. ساراي باشلىقى خەتنى ئوقۇپ پادشاھ نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، شۇنى ئىجرا قىلىدىكەن.

پادشاھ بۇ نۆۋەتمۇ ئادىتى بويىچە خەت يېزىپ مۆھۈرلەپ، ۋەزىرگە بېرىپتۇ ۋە ئۇنى



شاتگۈل ئۇيغۇر

( 1960 — 1987 )

«رەنانىڭ تويى» فىلىمدە ياسانچۇق قىز سوفىيەنىڭ، «ئارتىس بولالمىغان قىز» فىلىمدە چاقچاقچى شوپۇر قىز ھۆرديەتنىڭ، «سىرلىق كارۋان» فىلىمدە بېشىغا كەلگەن تەقدىر تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان ئىككى خىل شارائىتتا چوڭ بولغان، ئىككى خىل خاراكتېردىكى قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىللار — ئاينۇر بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يارىتىپ تاماشىبىنلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئارتىس شاتگۈل بەختسىزلىكتە ئۇچراپ قازا قىلغان.

ساراي باشلىقىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر خەتنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يولدا ھىيلىقى ھەسەتخور مۇلازىم ئۇچراپ قىلىپ ۋەزىردىن:

— نېمە خەت ئېكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— پادشاھ ماڭا قىممەت باھالىق لىباس ئىنئام قىلدى، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ھىيلىقى مۇلازىم ۋەزىرگە يېلىنىپ يالۋۇرۇپ:

— ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن خەتنى ماڭا بېرىڭ. لىباسنى مەن ئالاي، بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان زور ئىلتىپاتىڭىز بولۇر، سىزنىڭ بۇ ئىل- تىپاتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ رەھمى كېلىپ خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

ھەسەتخور مۇلازىم ۋەزىردىن سۆيۈنۈپ خەتنى شۇ زامان ساراي باشلىقىغا تاپشۇرۇپتۇ.

ساراي باشلىقى خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ مۇلازىمغا:

— بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار، پادشاھ شۇنداق بۇيرۇپتۇ. پادشاھنىڭ ئەم- رىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈڭلار! — دەپتۇ.

ساراي باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىشىتكەن ھەسەتخور:

— بۇ خەت ۋەزىرگە بېرىلگەن خەت ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن سوراپ ئالغانىدىم، — دەپ داد ـ پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ.

ساراي باشلىقى بۇ ۋەقەنى پادشاھقا مەلۇم قىپتۇ، پادشاھ بۇنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈ- رۈپ ھەسەتخورنىڭ سامساق قوشقان تاماق بىلەن ۋەزىرنى مېھمان قىلغانلىقىنى، ۋەزىر ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئاغزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپتۇ. بۇ ئىشتا ۋەزىرنىڭ گۇناھ- سىزلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپتۇ، ھەسەتخورغا قاتتىق جازا بېرىپتۇ.



تۇرسۇن ئايۇپ

( 1947 — 2003)

جۇڭگودىكى تۈركولو- گىيە ساھەسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، تۈركولوگىيىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ئالىمى، پروفېسسور، «ئوغۇزنامە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكار- لىقلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق بىر تالاي مۇھىم ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىرى، تارىخشۇناس زات تۇر- سۇن ئايۇپ ئۇيغۇر تارىخ مەدە- نىيىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈ- رەك قېنىنى سەرپ قىلغان. خەلقىمىز بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى چىن قەلبىدىن ئەسلەيدۇ.

*پادىشاھ ۋەزىرگە :*

*— ھەر كۈنى ھۇزۇرۇمغا كىرگىنىڭىزدە ئالدى بىلەن « ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل، يامانغا ئۆزىنىڭ يامانلىقى كۇپايە » دېگىنىڭىز ھەق ئىكەن، چېقىمچىلىق ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چىقتى ـ دە.*

قولىڭىز ئەپچىل، ئايىغىڭىز چاققان، ئىش ھەرىكىتىڭىز سىلىق بولسۇن. ئاش ـ تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، يىڭنە ئىشى قىلىش، نان ـ پان يېقىش، چاي ـ مەززە تەييارلاپ مېھمان كۈتۈش، بالا بېقىش ... قاتارلىق ئىشلار بىر خىل ھۈنەر بولۇپ كېلىن بولغۇچى بۇ خىل ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلارنى قانداق قىلىشنى بىلمىسىڭىز قېيىنانىڭىزدىن سوراپ ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىڭ ھەمدە مەشىق قىلىپ ئادەتلىنىڭ.

ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندا قولىڭىز ئەپچىل، ئايىغىڭىز چاققان بولسۇن. مەسىلەن، چاي تەييارلاڭ دېسە، بەش مىنۇتتىلا چاي دەملەپ، ئاش ـ تاماق ئېتىڭ دېسە ۋاقىت ـ سائىتىدە پىشۇرۇپ ئەكىرىشنى بىلىڭ. بۇنىڭ ئەكسىچە، سۆرەلمىلىك قىلىپ چاي دەملەشكە يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىز، ئوچاققا ئوت تۇتاشتۇرالماي ۋاقىتنى ئىسراپ قىلسىڭىز، ئىشلەتكەن نەرسىلىرىڭىز ھەر جايغا چېچىلغان، تۆكۈلگەن، دەملىگەن چېيىڭىز، ئەتكەن ئاش ـ تامىقىڭىز ئاز بولۇپ قېلىپ ئائىلىدىكىلەرگە ياكى مېھمانلارغا يېتىشمىگەن، كۆپ بولۇپ كېتىپ ئىسراپ بولىدىغان ئەھۋاللار تەكرارلانسا، ئۆزىڭىز مۇشەققەت تارتقانىنىڭ ئۈستىگە ئائىلىدىكى چوڭلارنى ۋە ئېرىڭىزنى نارازى قىلىسىز.

ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا قولىڭىز سىلىق ـ سىپايە، چېۋەر بولسۇن. ئەگەر سىز قاچا ـ قۇچا يۇيغاندا قاچىلارنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ دەز كەتكۈزۈۋەتسىڭىز ياكى چېچىۋەتسىڭىز، چاينىڭ يېرىمىنى پىيالىنىڭ ئىچىگە، يېرىمىنى تېشىغا، كۆپۈكلىتىپ



موللا بىلال
(1900 — 1823)

XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسچىلىرىدىن بىرى، « غەزەلىيات » ناملىق دىۋاننىڭ، « غازات دەرمۈلكى چىن »، « چاڭمۇزا يۈسۈپخان »، « نۇزۇگۇم » قاتارلىق داستانلىرىنىڭ مۇئەللىپى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى نامراتچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەما بولۇپ قېلىپ، ياركەنت شەھىرىدە دۇنيادىن ئۆتكەن. موللا بىلال خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ مۇتەۋەر ئورۇندا ياشايدۇ.

قويسىڭىز، گۆش توغرىغاندا قولىڭىزنى كېسىۋالسىڭىز، كىيىم - كېچەكلەرنى قاتلاپ، رەتلىك يىغىشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا پوملاپ دۆۋىلەپ قويسىڭىز، قولغا چىققان نەرسىلەرنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويۇپ، لازىم بولغاندا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئىزدەپ ۋاقىتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز، بۇ قولىڭىزنىڭ سىلىق ئەمەسلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ قوپال، كالامپاي ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېلىن ئۈچۈن چوڭ نۇقساندۇر. شۇڭا بەزى كىشىلەرنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇرچىدۇر. ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا بىر ئىشنى بۇيرۇمىسىڭىزمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلىپ چوڭلارنى، ئېرىڭىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ. بۇيرۇغان ئىشنى قىلىش ھەر كىمنىڭ قولىدىن كەلگەن بىلەن بۇيرۇمىغان ئىشنى تېپىپ قىلىش ھەر كىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ،

*ھېكايەت قىلىنىشىچە، لوقمان ھەكىمنىڭ سەل گالۋاڭ ۋە ھورۇن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بالاغەتكە يەتكەندە لوقمان ھەكىم ئۇنى ئەقىللىق، ئىشچان بىر قىزغا ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. لېكىن، كۆڭۈلدىكىدەك چېچەن قىزنى تېپىش ئاسانغا توختىماپتۇ. لوقمان ھەكىم كۆپ ئويلىنىپ بىر چارە تېپىپتۇ - دە، ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ يۇرت ئارىلاپتۇ، ئۇ قىزى رەسىدە بولغان ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ئوغلىنى ئۇرۇپ ئەدەپلەپتۇ. جېدەل - غوۋغانى ئاڭلاپ رەسىدە بولغان قىزلار چىقىپ لوقمان ھەكىمدىن سورايدىكەن:*

*— ئى ئادەم، ئۇرۇۋاتقىنىڭىز كىم بولىدۇ؟*

*— ئوغلۇم.*

*— نېمىشقا ئۇرىسىز؟*

*— بۇيرۇغان ئىشنى قىلغاچقا...*

*— ساراڭمۇ نېمە بۇ ئادەم، بۇيرۇغان ئىشنى قىلمامتى ئەمدى.*



بىلال ئەزىزى

( 1945 — 1921 )

ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە مۇئەييەن بەدىئىي قىممىتىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھنىسىگە ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر بىلال ئەزىزى خوتەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.

ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئىمىندىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرغان ۋە ئالدىنقى مەسئۇللىرىدىن بولغان. ئەپسۇسكى، دوستلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە 1945 - يىلى 18 - سېنتەبىردە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 24 ياشتا ئىدى.

قىزلار شۇنداق دەپ لوقمان ھەكىمنى مەسخىرە قىپتۇ. لوقمان ھەكىم بۇ قىزلارنىڭ بىرىنىمۇ كېلىنلىككە خوپ كۆرمەپتۇ، بىر كۈنى ئۇ يەنە يۇرت ئارىلاپ بويىغا يەتكەن يالغۇز قىزى بار بىر نامرات تۇل خوتۇننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، ئادىتى بويىچە ئوغلىنى ئۇرۇپ، ئەدەپلەشكە باشلاپتۇ، بۇ چاغدا تۇل خوتۇننىڭ قىزى چىقىپ، جېدەلنى توختىتىپ، لوقمان ھەكىمدىن سوراپتۇ :

— ئى ھۆرمەتلىك كىشى، ئۇرغىنىڭىز كىم بولىدۇ؟

— ئوغلۇم.

— نېمە ۋەجىدىن ئۇردىڭىز؟

— بۇيرۇغان ئىشنى قىلغاچقا ...

— ئۇنداق بولسا ئۇرۇۋېرىڭ، — دەپتۇ قىز بىر چەتكە چىقىپ، — تاكى ئۇ ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە ئۇرۇڭ ...

لوقمان ھەكىم بۇ قىزنى كېلىنلىككە تاللاپتۇ. توي قىلغاندىن كېيىن بۇ قىز لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىنى باشلاپ، ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ھەم ئۇنى ھۈرۈنلۈقتىن ئىشچان، گالۋاڭلىقتىن چېچەن ئادەمگە ئۆزگەرتىپتۇ.

شەرمى ـ ھايالىق بولۇڭ. شەرمى ـ ھايا ۋە ئىپپەت ئاياللارنى ئەرلەرگە سۆيۈملۈك، يۇرت ـ مەلىگە كۆرۈملۈك كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەتتۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا « ھايا ئىنساننىڭ ئەبەدىي گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىدۇر، ھاياسىز كىشى جەسەتكە ئوخشايدۇ » دېگەنىدى. شەرمى ـ ھايا ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ئىكەن، سىز بۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىڭ. ئېرىڭىز بىلەن سىز ۋە بالىلىرىڭىز ئوتتۇرىسىدا شەرمى ھايا بولسۇن، بۇنىڭغا ھەر قانداق شارائىتتا دىققەت قىلىڭ. قېينانا، قېيناتىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز ئالدىدا قوپال، ھاياسىز سۆزلەرنى قىلماڭ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنى خىجىل قىلىدىغان سۆزلەرنى ۋە



مۆجىزى

( XVIII ئەسىر)

« تەۋارىخى مۇسىقىيۇن » ( مۇزىكىچىلار تارىخى) ناملىق رىسالىسى بىلەن تونۇلغان موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا ( مۆجىزى ) خوتەندە ئۆتكەن بولۇپ، ھاياتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئەمما « تارىخىي مۇسىقىيۇن » ناملىق قېدىرخان يەركەندى، ئامانىساخان توغرىسىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بۇ ئەسەر مۆجىزىنىڭ نامىنى كەڭرى تارقىتىپ شۆھرىتى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە.

قىلمىشلارنى قىلماڭ، ئېرىڭىزگە يالغان سۆزلىمەڭ، ئېرىگە يالغان سۆزلىگەن ئايال دۇنيادا بىرىنچى دەرىجىلىك بۇزۇق ۋە تەربىيىسىز ئايالدۇر. ( رىزائۇددىن ئىبنى فەخرىددىن )

چوڭلارنىڭ ئالدىدا قاقاھلاپ كۈلمەڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۇتلىرىڭىزنى چىقىرىپ ئولتۇرماڭ، بۇرنىڭىزنى كولىماڭ، تاشلىماڭ، چوڭلارنىڭ ئالدىغا كېچىلىك كىيىم بىلەن باش-كۆزىڭىز رەتسىز ھالدا چىقماڭ، كىيىم - كېچەكلىرىڭىز پاكىز، رەتلىك بولسۇن، بەك تار كېلىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ يۈرمەڭ، گىرىمنى لايىقىدا قىلىڭ، ئالا - يېشىل، توق گىرىم سالاپىتىڭىزگە زىيانلىق. توي - تۆكۈن، ئادەمگەرچىلىكلەرگە بار-سىڭىز، باشقا ئاياللارنىڭ چىرايى، كىيىم - كېچەكلىرىنى مەسخىرە قىلماڭ. ئەگەر سىزدە ئايدەك چىراي بولۇپ شەرمى - ھايا بولمىسا، ئېرىڭىزنىڭ ئىخلاسى قېلىپ يۇرت - مەلىنىڭ ئەيىبلىشىگە، نەپرىتىگە ئۇچرايسىز، مۇبادا سىز يوقسۇل بولسىڭىزمۇ نومۇسچان، شەرمى - ھايالىق بولسىڭىز، ئائىلىدە ئىززەتلىنىپلا قالماي، يۇرت - مەلىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز. شۇڭا شەرمى - ھايا تەبىئىيكى كېلىنلەرگە ئادەت بولمىقى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھايا بىلەن كەم سۆزلۈك ئىماننىڭ ئىككى قىسمىدۇر، ئۇياتسىزلىق ۋە كۆپ گەپ قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى قىسمىدۇر ».

تۆۋەندە شەرمى - ھاياسىز كېلىنگە ئۇچرىغان قېينانا بىلەن قېيناتىنىڭ دەردۇ ھالىنى ئاڭلاپ كۆرۈڭ.

*شەرمى - ھايانى بىلمەيدىغان بىر كېلىنگە ئۇچرىغان قېينانا بىلەن قېيناتا كېلىنىنىڭ ھاياسىزلىقىدىن جاق تويۇپ، تونۇش تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇنىڭ داۋاسىنى سورىدى. تېۋىپ مۇنداق دېدى:*

*— دوستۇم، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، كېلىنلەردە روھىي كېسەللىك يوق، ھەم ھەر جەھەتتىن سالامەتلىكى ياخشى،*



جامالىددىن ئاقسارايى

( XIX ئەسىردە ئۆتكەن)

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان بىلىملىرى ئاساسىدا « كىتابى تىب ئاقسارايى » ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن مۆتىۋەر ئالىم جامالىددىن ئاقسارايى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئالىمنىڭ ئەسىرى ھىندىستاندا 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن.

لېكىن ئۇ شەرمى ـ ھايا، ئار ـ نومۇسقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن بولسا
كېرەك، شۇنداقمۇ ئاتا ـ ئانىلار باركى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلە-
شىدۇ ۋە پات ـ پات جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەدەپسىزلىك پەرزەنتلىر-
گىمۇ يۇقىدۇ، نەتىجىدە ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر بىر ـ بىرىنى مەنسىتمەسلىككە، ھۆرمەت
قىلماسلىققا ئادەتلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەرزىمىگەن سۆزلەرنى، كۆزگە چېلىقمايدىغان
ئىشلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئايلاپ ـ يىللاپ تەك-
رارلىنىۋەرگەندىن كېيىن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئۇنىڭ خۇمارى تۇتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
ئۇنىڭ خۇمارى تۇتقاندا، مىجەزى ئۇساللىشىپ ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قا-
لىدۇ. سىزنىڭ كېلىنىڭىز شۇ خىلدىكى كېلىن ئىكەن، مېنىڭچە، تۆت ـ بەش كۈندىن
كېيىن كېلىنىڭىزنىڭ يەنە شۇنداق خۇمارى تۇتۇشى مۇمكىن، سىز ئۆزىڭىزنى چەتكە
ئېلىپ يۈرۈڭ.

دېگەندەك بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي كېلىنىم «بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ» دەپ بېشىنى
رومال بىلەن باغلىغان ھالدا بىرەر مۇھىم نەرسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بىئارام بولدى. كەي-
پىياتى بۇزۇلۇپ قولى ئىشقا بارمايلا قالدى. بىز ھەممىمىز يەنە بىرەر باھانە تېپىپ ئۇ-
رۇش ـ جېدەلنى باشلىۋەتمىسۇن دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلمىدۇق. بىر چاغدا
كېلىنىم تۇساتتىنلا :

— ۋاي داد، گاس ـ گاچا ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، يۈرەك ـ باغرىم قان بولدى،
ھەي خۇدا، بۇ زالىملارنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭ بەرگىن، — دەپ چىنە ـ قاچا، ئىدىش-
كوزىلارنى يەرگە ئۇردى.

مېنىڭ بۇ نەرسىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ :

— سارائىلىق قىلماڭ، توختاڭ، ئۇيات بولىدۇ، — دېسەم، ئۇ :



قەمبەرخانىم

( 1994 — 1922 )

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەش-
ھۇر ئۇسسۇلچىسى قەمبەرخا-
نىم قەشقەر كونىشەھەرنىڭ
ئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان.
ئۆزبېكىستان، موسكۋا قاتار-
لىق جايلاردا بىلىم ئالغان.
موسكۋادا ئۇيغۇر كلاسسىك
ئۇسۇلى «نىم پەدە» نى ئو-
رونداپ، تاماشىبىنلارنى ئاڭ
قالدۇرغان. 1947 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قا-
سىمى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال
بىلەن مۇكاپاتلانغان. ھازىر
ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئۇسلۇبى
تەتقىق قىلىنماقتا.

بىر ئۆمۈر ئۇسسۇل بى-
لەن ياشىغان قەمبەرخانىم
خەلقىمىز قەلبىدە يادلىنىدۇ.



## موللا شاكىر

( 1805 — 1870 )

ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى، موللا شاكىر «زەپەرنامە» ناملىق داستانى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەنئىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ ھاياتى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندا ئۆتكەن بولۇپ، ھاياتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئەمما، «زەپەرنامە» داستانى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن ئەۋلادلىرى قەلبىدە ئۇ مەڭگۈ ھايات.

— ھەممە نېمىڭىز قۇرۇسۇن، سىزنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، — دەپ ھاقارەتلىدى. ئوغلۇم كېلىنىمنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ ئاغزىغا لاتا تىقىپ ياتاق ئۆيگە سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى. كېچىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ھاقارەتلىك سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇردى. ئەتىسى قارىساق، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئۇرغان بولسا كېرەك، يۈزلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئوغلۇم خوتۇنىنى دومبىسىدىن ئىتتىرگەن پېتى كوچىغا چىقىرىۋېتىپ ئارقىسىدىن ئىشىكنى زەنجىرلەپ قويدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىنىمنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە قۇدىلىرىمنىڭ ئۆيىگە باردىم. بىر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن مەن ۋەقەنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدىم، بۇ چاغدا كېلىنىمنىڭ دادىسى دېدىكى:

— ئەسلىدە سىلەر بىزگە مۇناسىپ كىشىلەر ئەمەس ئىدىڭلار، لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوغلىڭىزنى كۈيئوغۇل قىلدىم. بىزنىڭ تەبىئىتىمىز شۇنداقكى، ھەممە گەپنى ئوچۇق قىلىۋېرىمىز، ئىچىمدىكىنى تاپ، دەيدىغان جىمغۇر ئادەملەرنى ياقتۇرمايمىز. مانا بۇ نادان، ئەبلەخ خوتۇنۇمغا ئانچە ئالدىرىما، راسا سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن رازىلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك دېگىنىمگە قارىماي، توينى قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنى ھەممىمىز تەڭ تارتىۋاتىمىز.

— ھەممە گۇناھ سىزدە، — دېدى ئايال قۇدام، — سىزدىن باشقا ئادەم بولسا قىزىغا كالتەك تاياق يېگۈزۈپ، تاماشا كۆرەمتى، بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن بولاتتى. سىز ئېشەك تەبىئەتلىك ئىنسان بولغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن بۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىۋاتىسىز. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەنىدەك، مەن بۇ قۇدىلارنىڭ مۆرىمەسلىكىنى، تەپسە تەۋرىمەيدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، سىز كالىدىن بەتتەر دۆت ئادەمكەنسىز!

— ھەي تىلىڭ يىلاننىڭ زەھىرىدىنمۇ ئۆتكۈر زەھەر نىمىكەنسەن، تىلىڭنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تۈۋىدىن كېسىپ تاشلايمەن! — دېدى.

خوتۇنى تىلىنى بىر غىرىچ چىقىرىپ:

— مانا كېسىڭ، — دەپ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. تىلى شۇ دەرىجىدە سەت ئىدىكى، تىنىم ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ كەتتى. ئېرى:

— سېنىڭ جاجاڭنى خۇدا بەرمىسە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەپ توختاپ قالدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى. كوچىغا چىقىپ نان ۋە پەشمەتلەرنى ئېلىپ كىرىپ ئۇچۇق چىراي بىلەن داستىخانغا بېقىڭلار، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. خوتۇنى بولسا:

— بازاردىن قاچقان ئۆچكىدەك نېمانچە ھېجىيىسىز؟ — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى. شۇ چاغدا كېلىنىم دەرھال گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئادەمنى ئۆچكىگە ئەمەس، ئۆكۈزگە ئوخشاتسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ، — دېدى.

ئاندىن ئۈچى بىر بولۇپ راسا كۈلۈشتى.

كېلىنىم كۆتۈرەڭگۈ روھتا ماڭا قاراپ:

— ئانىجان، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىت - مۈشۈككە ئوخشاش ئۇرۇشسىمۇ رەنجىشمەيدۇ، — دېدى.

كېلىنىمنىڭ ئانىسى ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى:

— قۇدام، شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئادەم ئاغزىغا كەلگەن ياخشى - يامان گەپنىڭ ھەممىسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەرسە كېسەل بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئائىلىدە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئاشكارا سۆزلەش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنى ئۆز



موللا ئىسلام ( شاڭزۇڭ )

( 1890 — 1960 )

1943 - يىلى دەسلەپتە 17 نەپەر ئۇيغۇر ياشتىن تۈزۈلگەن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان موللا ئىسلام ئالتاي، تارباغاتاينى ئازاد قىلىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، پارلاق نەتىجە ياراتقان ھەم ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر ھەربىي خەنجەر، بىر ئالتۇن ئۇچلۇق قەلەم تەقدىم قىلغان. موللا ئىسلامنىڭ خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىدە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى خەلق مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، سىلەرگە ئوخشاش ئار - نومۇس يۈزىسىدىن ئۆز ئارا ئاياپ مۇ-
ئامىلە قىلىشقا سەۋر - تاقىتىمىز چىقمايدۇ، قىزىمنىمۇ شۇنداق. مەھەللىدىكىلەر بىزنى
« ئاياشمايدىغانلار » دەپ تەرىپلىشىدۇ، بۇنىڭدىن بىز پەخىرلىنىمىز، ئەل - يۇرت ئىچىدە
مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن بىزگە تەڭ كېلەلەيدىغانلار يوق. ھەر قانداق مەن - مەن
دېگەنلەرنى ھاقارەت بىلەنمۇ يېڭىمىز. بىر كۈنى تويدا خوتۇنلاردىن بىرى مېنى يەڭمەكچى
بولۇپ ماڭا گەپ قىلدى. بىر - بىرىمىزنى قارغاشقا ئۆتتۇق. ئۇ خوتۇن قارغاشقا ئۇستا
ئىكەن، جاۋاب قايتۇرالماي قالدىم. شۇ ۋاقىتتا دەرھاللا ئەر كىشىدەك، ئۇياتلىق سۆزلەر
بىلەن سۆكۈشكە باشلىدىم. بۇنىڭغا چىدىيالماي خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ھويلىغا چىقىپ
كەتتى. قارىسام ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قاپتىمەن. كۆردىڭىزمۇ قۇدام، بىز يۈز - خاتىرە
قىلماسلىقتىن ئۆلۈپ قالغىنىمىز يوق. سىلەرمۇ قورسىقىڭلارنى كەڭ تۇتۇپ، قىزىمىز-
نىڭ سۆزىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەڭلار. توغرا، بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن ئادەمگە ئاسان
ئەمەس. ئىلاج بولسا سىلەر ئەر - خوتۇن پات - پات بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرۇپ كەتسەڭلار،
كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىۋالسىلەر ياكى بولمىسا بىز ئەر - خوتۇن سىلەرنىڭكىدە تۇرۇپ
ئۇستازلىق قىلايلى. قايسىسى قولايلىق بولسا شۇنى قىلىمىز.

قىزىم ھەققىدىكى گەپلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭغا جاۋابىم شۇكى، ئۇ ئوبدان قىپتۇ،
ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى بىر يولىلا ئېيتىپ، ئىچىنى بوشىتىۋاپتۇ. سىلەر ئۇنىڭغا ماس-
لىشىپ ئۆتۈڭلار. شۇ چاغدا بىزگە ئوخشاش ئەركىن - ئازادە تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر.

بۇ يەرگە كەلگىنىمگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، نەپرەتلەنگەن ھالدا قۇدامغا :

— ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېيىن بىر پىكىرگە كېلەرمىز، — دەپ
ئۆيگە قايتتىم. كېيىن كېلىنىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش ھەققىدىكى پىك-
رىمىزنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغىنىمدا، كېلىنىم ئاتا - ئانىسى بىلەن كېلىپ بىزنى



هاشىم ھاجى

( 1869 — 1952 )

شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەردە دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن نام قازانغان، ئايىمخان ھاجى، سىدىق ئاخۇن... قاتارلىق پەرزەنتلىرىنى مۇقامچىلىق ۋە دارۋازلىقتا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەربىيىلىگەن مەشھۇر سەنئەتكار. ئۇ خوتەن قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، كىچىكىدىن دارۋازلىق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنى بىر ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ بۈگۈنگە يېتىپ كېلىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

ھاقارەتلىنىشىپ غوۋغا كۆتۈرۈشتى. بۇنىڭ بىلەن قولۇم - قوشنىلار ۋە بىر تام قوشنىمىز شەھەر قازىسىمۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە يىغىلدى. كېلىنىم بىلەن قۇدىلىرىم شۇنچە ئادەمنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي ئۇلارنى كۆزىگىمۇ ئىلماي غوۋغا كۆتۈرۈۋەردى ھەم تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇشتى. قازى - مىرشەپلەرنى چاقىرتىپ بىزنى قازىخانىغا ئەۋەتتى. بۇ يەردىمۇ كېلىنىم بىلەن قۇدام بىزنى ھەتتا قازىنىمۇ بولۇشىچە ھاقارەتلىدى. ئوغلۇم خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇپ بەردى. قازى كېلىنىم ۋە قۇدىلىرىمنىڭ ھەر بىرىنى بەش دەررىدىن ئۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى، ئېرىم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئارىلىشىپ كېلىن بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى جازادىن قۇتقۇزۇۋالدى. ئەر قۇدامنى مىرشەپلەر بەش دەررە ئۇردى. كېلىنىم چاققان ۋە ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان قىز ئىدى. لېكىن تىلى بېشىنى يېدى.

مانا كۆردىڭىزمۇ؟ ئار - نومۇس، شەرمى - ھايانى بىلمەيدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان قىزمۇ شەرمى - ھاياسىز چوڭ بولىدۇ، دەريانى توسۇش مۇمكىنكى، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن شۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولۇپ شۇنداق ھاياسىز تورمۇشقا ئادەتلەنگەن، ناچار سۆز - ھەرىكەتلەرگە خۇمار بولۇپ قالغان، شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچى ھەممە ئىشتا پەرزەنتلىرىگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئائىلىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت ماجىراسى قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ كېلىنلىرىگە سېلىشتۇرماڭ، « پالانچى خوتۇنىغا ئۇنداق نەرسە ئېلىپ بېرىپتۇ، ماڭىمۇ شۇنىڭدىن ئېلىپ بېرىڭ، پوكۇنچى خوتۇنىنىڭ ئالتۇن ھالقىسىنى ئۆزگەرتىپ يوغىنىتىپ بېرىپتۇ، مېنىڭكىنىمۇ شۇنداق قىلىپ بېرىڭ » دەپ ئېرىڭىزنى تەڭلىكتە قويماڭ. ئائىلە ئىقتىسادىڭىزغا قاراپ ئاددىي - ساددا كىيىنىڭ، مودا قوغلاشماڭ، باشقىلار بىلەن بەسلەشمەڭ. بۇنداق قىلىش قانائەتسىزلىكتۇر، قائەتلىك بولۇش، ئۆزىدە بارىغا رازى بولۇش ئەرلەر ئۈچۈنمۇ، ئاياللار



لۇتفى

( 1366 — 1465 )

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ XV ئەسىردىكى يېتەكچى نامايەندىسى مەۋلانا لۇتفى ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بىر يىل كەم بىر ئەسىرلىك ھاياتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان. ئۇنىڭ « گۈل ۋە نەۋرۇز » ناملىق داستانى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. لۇتفىغا نەۋائى « ئۆز دەۋرىنىڭ مەلىكۇل كەلامى » ( سۆز پادىشاھى ) دەپ نام بەرگەن. لۇتفى ئۇنىڭ ئەخەللۇسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى نامەلۇم.

ئۈچۈنمۇ ئەڭ گۈزەل سۈپەتتۇر، قانائەتسىزلىك ئادەم بالىسى ئۈچۈن بىر خەستىلىكتۇر، قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولسا، توغرا يولدىن چەتنەپ تۇرمۇشنىڭ مۇسەققەتلىرىگە دۇچار بولغۇسىدۇر.

قانائەتسىز كىشىنىڭ كۆزى ئاچ، ھاجىتى كۆپ بولىدۇ، بۇنداق ئايال زاتىنىڭ كېچە-كۈندۈز پىكىر خىيالى كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتتە بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇلار ئۈچۈن ئەرلىرىنىڭ تاپقىنى يېتىشمەي، ئائىلىدە جېدەل-ماجىرا دەۋر سۈرىدۇ. بۇ بىر ئائىلە ئۈچۈن كاتتا پاجىئە پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىنلەرگە ئەرلىرىنىڭ تاپقان - تەرگىنىگە شۈكۈر - قانائەت قىلماق تولىمۇ زۆرۈر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن ھېكمەتلىرى بار، بۇ تاپقىنىڭغا قاراپ خىراجەت قىل، دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋەر، بۇ ھەپتىدە كىيىم - كېچەك ئالساڭ، ئۇ ئايدا زىبۇ زىننەتكە يۈگۈر، ھەتتا نېسىگە كىيىم - كېچەك سېتىۋال دېگەن گەپ ئەمەس. ئاڭلىسام ھەر ئايدا ھۆكۈمەت تەمىناتى ئالىدىغان بەزى كېلىنلەر كىيىم - كېچەككە خىراجەتلىرى يېتىشمەي سودىگەرلەرنىڭ نېسى تىزىملاش دەپتىرىگە يازدۇرۇپ قويۇپ نېسىگە كىيىم - كېچەك كىيىدىكەن، بەزىلىرى كونا نېسىنى تۆلەپ يەنە يېڭىدىن نېسىگە ئېلىۋېرىدىكەن، بۇنىڭدىن زېرىككەن سودىگەر خوتۇنلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئەيىبلىسىمۇ ئۇلار غېمىدە يوق خىجىل بولۇشماي كېتىۋېرىدىكەن، تۇۋا قىلدىم، بۇنداق ئاچ كۆزلۈكنى قەيەردىن، كىمدىن ئۆگەنگەندۇ بۇلار ؟ تېخى بۇنداقلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تاپقان سەۋەبلىرى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، «زامان شۇنداقمىش». بۇنداق تاپقان - تەرگىنىنى زۆرۈرىيەتسىز كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلەرگە، زامانە ئۇرپ - ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ، كۆزى تويماي يەنە نېسىگە كۆنگەن كېلىنلەرنىڭ بىچارە ئەرلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي.



ئابلىمىت ھاجىيوف

( 1917 — 1993 )

ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شۆجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇ كېيىنمۇ ھەرخىل مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ 76 يېشىدا ۋاپات بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « ئادىمى كىيىم كىيىشمۇ ئىماندىندۇر » .
كېلىنلەر! كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتكە ئىمانىمىزنى تېگىشمەيلى، چۈنكى، ئىمان بارلىق پەزىلەتنىڭ يىغىندىسى، پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر .

پاكىز ، رەتلىك بولۇشقا ئادەتلىنىڭ . پاكىزلىق سالامەتلىكنىڭ ئاساسىدۇر . ئادەم ساغلام بولسا، تېنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا بەرداشلىق بېرەر ، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر ، شۇڭا ئۇستىۋاشلىرىڭىزنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىپلا قالماي ، ئۆي ، ئاشخانا ، ھويلا ئاراملىرىڭىزنىڭ پاكىز ، رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ . بىر كېلىننىڭ ئىش كۆرگەن، تەربىيەتلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىنىڭ پاكىزلىقى، تۇتقان ئۆيى، ئىشلەتكەن ئاشخانىسى، ھويلا - ئاراملىرىنىڭ پاكىز ، رەتلىكلىكى، ئىشلىتىلگەن ئائىلە ئەسۋابلىرى ۋە جابدۇقلىرىنىڭ پاكىز ، جاي - جايىغا قويۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر . تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرغان ئورۇننىڭ پاكىز بولۇشىمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى، تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر .

سىز ئۆزىڭىزنى تۈزەپ، ياساپ يۈرۈپ، تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرغان ئورۇننىڭ پاكىزلىقى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، سىزنى تەربىيە كۆرگەن كېلىن دېگىلى بولمايدۇ ، شۇڭا سىز ئەتىگەن تۇرۇپ يۇقىرىقى ئورۇنلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاپ، سۈپۈرگەندە ئەخلەتلىرىنى دۆۋىلەپ قويماي ۋاقتىدا ئېلىپ، تاشلانغان نەرسىلەرنى ئۆز رېتى بويىچە سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئادەت قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « چىشىڭلارنى مىسۋاك بىلەن تازىلاپ يۈرۈڭلار ، تازىلىققا ئادەتلىنىڭلار » .

بۇ يەردىكى ئادەتلىنىش دېگىنىمىز ، پاكىزلىق دائىملىق ئىش - پائالىيىتىمىز بولسۇن، بۈگۈن تازىلىق قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭ، دېگەنلىكتۇر.



ئەسئەت ئىسھاقوۋ

( 1976 — 1912 )

پېشقەدەم زىيالىي، رەھبەر ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە « شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋاقىتلىق مەسئۇلى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇ « تۆت كىشىلىك گورۇھ » تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولدى.

يۇقىرىقىلارغا ئەمەل قىلالىسىڭىز ، ھازىر ياخشى كېلىن ، كەلگۈسىدە ياخشى ئانا بولىسىز، چوڭلارنى، ئېرىڭىزنى رازى قىلىپ ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالىسىز.

ئەربىلەردىن بىر ئەقىللىق خوتۇن قىزىنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن قىزىغا مۇنداق نەسىھەتنى قىلغانىكەن:

*— ئەي قىزىم ! بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئايرىلدىڭ. باشقا بىر ئادەمگە يارۇ يولداش بولدۇڭ . سەن ئۈچۈن بەخت ـ ئامەت تىلىگۈچى ئاناڭ تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ئۇشبۇ نەسىھەتلەرنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقايسەن ۋە مۇمكىن بولغاندا پايدىلىنارسەن.*

*قىزىم، دۇنيا سەپىرىدە ئۆزىڭگە يولداش، قايغۇدا بىللە قايغۇرغۇچى، شادلىقتا بىللە شادلانغۇچى بولۇش ئۈمىدى بىلەن سېنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەسلا يەردە قويمىغايسەن، ئۇ ھەر ۋاقىت « شۈكۈر كىم، كۈتكەن يېرىمدىن چىقتى دېسۇن ۋە سەندىن رازى بولۇپ ياشىسۇن.*

*قىزىم، تېز كۈنلەردە ئائىلە قۇرۇشقا كىرىشىسەن. ئائىلە قۇرۇشتا ئېتىبارغا ئېلىشقا كېرەك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىنى، بولۇپمۇ قېيىناناڭ، قېيىناتاڭنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارنى ئۆز ئاناڭ، ئۆز ئاتاڭدەك كۆر. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىڭ ھېسابلا، قېيىناناڭ، قېيىناتاڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىل، مۇشۇ يېڭى تۇغقانلىرىڭنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلىۋال ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىل. ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ساقلان. چۈنكى، بۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېرىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ ـ دە، بۇنىڭ قايغۇسى بىلەن ئېرىڭ تاماقتىن قېلىپ ئاخىر كېسەل بولۇپ قالار. ئەرلەر ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ شاد، تىنچ بولۇشىغا موھتاجدۇر. ئائىلىسىدە ئازراق قايغۇ بولسا، ئۇلارنىڭ كەسپىگە تەسىر يېتەر.*

*قىزىم ! ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا بىرىگە سىر*



غېنى كېرىموف

( 1949 — 1922 )

غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغان. ئۇ دەسلەپتە ئۈمىد مەكتىپىدە ئوقۇپ، يەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى.

ئېيتما. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭگە قارشى گەپ قىلما، چىرايىڭنى تۈرمە، ئەرلەر خوتۇنلىرىنىڭ ئەڭ زور كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرەلمەيدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازراق نەرسىنىمۇ ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ يارىماس ئادىتى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاغرىتماستىن ئىش تۇت.

قىزىم، ئېرىڭ ياقتۇرمىغان ئىشلاردىن، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلما، ئېرىڭنىڭ مىلىنى ئاسراپ تۇت، قىزىم، ئۆيۈڭ تەرتىپلىك، ھەر نەرسە ئۆز جايىدا بولسۇن. بالىلىرىڭنى ئېرىڭگە ئامراق، ئېرىڭنى بالىلىرىڭغا كۆيۈمچان قىلىشقا تىرىش، ئاتىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئۆزىنى خوش قىلىشى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بالىلىرىنى سۆيىدىغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىنساپلىق بولىدۇ ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى خوشال قىلىپ باشقا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرگە كۆز ـ قىرىنى سالمايدۇ.

قىزىم، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىق، تەدبىرلىك خوتۇنلار ئۈچۈن قىيىن ئىشلار ئەمەس، ئەقىللىق خوتۇنلار كۈچلۈكلەر كۈچى بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ.

قىزىم، ئېرىڭدىن بىرەر نەرسىنى بىر قېتىم، كۆپ بولسا ئىككى قېتىم سورىساڭ كۇپايە، ئۇنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىينىما، ئاۋارە قىلما.

قىزىم، ئەرلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈنىدىغان چاغلىرى خوتۇنلىرىنىڭ خوشال ـ خۇرام ھالدا ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلىپ ئولتۇرغان چاغلىرىدۇر. ئېرىنىڭ يېنىدا بولغۇچى ۋە ھەر ۋاقىت ئىشلەپ تۇرغۇچى، ئېرىگە خوشال كۆرۈنگۈچى خوتۇنلارنى ئەرلىرىگە يامان كۆرسىتىشكە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئېرىڭ ئىشقا ماڭغاندا ئۇزىتىپ قوي، قايتىپ كەلگەندە



ھۈسەيىنبەگ

( 1899 — 1934 )

ئىقتىدارلىق جامائەت ئەرباپى ۋە سىياسىيون ھۈسەيىنبەگ ئۆز مەتبەئەسى بىلەن 1919 ـ يىلى كۈزدە « ھۆر سۆز » گېزىتىنى چىقارغان، « ئىلى سەنەمى » نى رەتلەپ ھازىرقى ھالغا كەلتۈرگەن. 1927 ـ يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن « ھۈسەينىيە مەكتىپى ( ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ) نى سالدۇرغان... بۇ مەرىپەتپەرۋەر زات ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوينىغان غايەت زور رولى بىلەن ئەۋلادلىرى قەلبىدە چوڭقۇر يادلانماقتا.

كۆتۈۋال، ئېرىڭدىن كەچ قالماي ئۇخلا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇر.

قىزىم، بەزى ۋاقىتلاردا ئەرلەردە خوتۇنلىرىنى نىسبەتەن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى پەيدا بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ئۇنىڭ توغرا بولمىغان ئەيىبلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلە.

قىزىم، ئائىلە ھەر ۋاقىت نېمەت ئەمەستۇر، بەزى چاغلىرىدا زەھىرى، تىكىنى بولىدۇ. ئېرىڭ ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشسە، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۆزلە، قىزىشما، چىرايىڭنى ۋە ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتمە. ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇنتۇما، ھۆرمەت قىل، ئۇ ھەر قانچە ئاچچىقلانسىمۇ، قارشى سۆز قىلما، ئەڭ ياخشى خوتۇن ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن خوتۇندۇر.

قىزىم، ئاللا بالا بەرسە ئۇلارنىڭ تېنىنى ئاسرا، مەكتەپكە بارغۇچە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيە قىل، ياخشى قىلىقلارغا ئادەتلەندۈر.



ئەنۋەر ناسىرى

(1914 — 1946)

شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. شائىرنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. ئۇ ئىلغار ئەھمىيەتلىك شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ل. مۇتەللىپنىڭ «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى» دەپ تەرىپلىشىگە ئېرىشكەنىدى.



ئوبۇلخەيرى

( 1994 — 1934 )

«ئامانىسساخان»، «نەسىردىن ئەپەندى»، «بەخت ناخشىسى»، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «يول باشلىغۇچى»، «غېرىب ـ سەنەم»، «رەنانىڭ تويى»... قاتارلىق كىنولاردا رول ئېلىپ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، كىنو، تىياتىر ئارتىسى ئوبۇلخەيرى ئۆمۈر بويى تىياتىر ۋە كىنو سەنئىتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاماشىبىنلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. ئۇ ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ.

# 8. كۈيئوغۇلنىڭ ئەخلاقى

*ياخشى كۈيئوغۇلغا دۇچ كەلگەن كىشى ئوغۇل تاپىدۇ ، ناچار كۈيئوغۇلغا ئۇچرىغان ئادەم قىزىدىنمۇ ئايرىلىدۇ .*

دېموكرىت

ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت، ياتلىق بولغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدا قېينانا، قېيناتىلىق ۋە كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا كۈيئوغۇلنىڭ ئەخلاقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا كۈيئوغۇل بولغۇچى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز زۆرۈردۇر.

1. بالا مىجەزىڭىزنى تاشلاڭ، لايغەزەل، بوشاڭ، ھۇرۇن، قورقۇنچاق بولماڭ. سىز كۈيئوغۇل بولغان كۈندىن باشلاپ بىر ئائىلىگە ھەمراھ، باشپاناھ، يار ـ يۆلەك بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسىز، ئۆي ئايرىپ چىقسىڭىز، بىر ئائىلىنىڭ ئۆي ئىگىسى بولىسىز، شۇنداق ئىكەن، سىزدە ئەر كىشىگە خاس جاسارەت، قەتئىيلىك، تەدبىرچانلىق، قەيسەرلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىزدە مۇشۇ خىل روھ بولسا، خوتۇنىڭىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز، ئائىلىڭىز سىزگە جور بولغانلىقىغا، ئۆزىنى سىزگە ئا-

تىغانلىقىغا پۇشايمان قىلمايدۇ ھەمدە سىزگە ئۈمىد بىلەن قاراپ سىزنى ھەقىقىي تايانچى، يار ـ يۆلەك ھېسابلايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئاياللىرىڭىز، بالىلىرىڭىز سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

لايغەزەللىك، بوشاڭ، ھورۇنلۇق ئەر ئۈچۈن چوڭ نۇقسان بولۇپ، بۇنداق نۇقسانلىق تۇپەيلى ئائىلە ئىقتىسادىڭىز راۋاج تاپمايدۇ ـ دە، كۈنلىرىڭىز غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز مۇنۇ قىسسىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

بىر ئادەمنىڭ بىر ئېتى ۋە ئىككى ئىتى بار ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئىتلار ئاچ قېلىپ، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن زارلىنىپ تۇراتتى، ئات ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— نېمىشقا بۇنچە قايغۇلۇق كۆرۈنۈسىلەر؟ نېمىدىن زارلىنىپ ئولتۇرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئىتلار ئاتقا مەيۈسلىنىپ قاراپ:

— ھالىمىزنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلىسەن، ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالغا يەتتۇق. خوجايىنىمىز بىزگە ياخشى قارىمايدۇ، كۆپرەك تاماق بېرىپ قارنىمىزنى تويغۇزمايدۇ، تاماق تەلەپ قىلىپ يېنىغا بارساق، بالىلىرى ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، تاغقا كېتىشكە قارار قىلدۇق، تاغدا ئوۋ ئوۋلاپ، يەپ ـ ئىچىپ راھەتتە ياشىماقچىمىكىن دەپ ئويلىدۇق. شۇ نىيەت بىلەن يولغا چىققاندۇق، بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر سەلدەك يېغىشقا باشلىدى. سۇ ئىچىدە قالدۇق، توڭۇپ تىترەپ، قاقشاپ ئىلاجسىز ئۆز ئورنىمىزغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق، نېمىدېگەن بەختسىز بىز؟ ئېيتقىنا دوستىمىز، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا بىز زارلانماي كىم زارلانسۇن؟ — دېيىشتى.

ئات ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ دېدى:

— ئەي دوستلىرىم، ئىززەت ۋە سائادەتنى پەقەت تەقدىر ـ تەلەيدىن كۈتۈپ، ھورۇنلۇق قىلىپ يېتىش ئەخمەقلىقتۇر، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئىشلىمەڭلار، ھورۇنلۇق



ئابدۇراخمان ھاۋاز

( 1935 — 1993 )

«ئانارخان»، «يايلاقتىكى بۈركۈت»، «قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن»، «يول باشلىغۇچى»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق كىنو فىلىملىرىدە ۋە بىر مۇنچە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە باش رول، ئاساسلىق روللارنى ئويناپ، خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ئابدۇراخمان ھاۋاز 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو كىنوچىلىرى» ناملىق چوڭ تىپلىق كىنو لۇغىتىدە بىردىنبىر ئۇيغۇر كىنو ئارتىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان.

قىلمىساڭلار ئىدى، خوجايىنىمىز مېنى ياخشى تويغۇزغاندەك سىلەرنىمۇ نازۇ - نېمەت بىلەن باقاتتى، ھېچ ئىش قىلماي ھورۇنلۇق قىلىپ يېتىش، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاۋاش ئەسلا پايدا بەرمەيدۇ. دوستلىرىم، ھورۇن بولماڭلار، ئىشلەڭلار، ئەمگەك قىلىڭلار، ئەگەر ئىشلىسەڭلار، خىزمەت قىلىپ تۇرساڭلار، خوجايىنىمىز تاماقنى ئۆزى يېمەي سىلەرگە بېرىدۇ.

ھەر قانداق كىشى ھورۇن بولماستىن غەيرەت قىلىپ ئىشلىشى، ئەمگەك قىلىشى لازىمدۇر. جىم يېتىپ، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئىستەش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

گەر سائادەت ئىستەر بولساڭ، مېھنەت قىلغىن ئەي ئوغۇل،
بولما ھورۇن، بۇ نەسىھەتكە قۇلاق سال، قىلغىن قوبۇل.

2. قېينانا، قېيناتىڭىزنى ئۆز ئاتا - ئانىڭىزدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەڭ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قوپال، ھاياسىز سۆزلەرنى قىلماڭ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھاراق - شاراب ئىچىپ مەست بارماڭ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكمەڭ. ھەر قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بار يەردە ئايالىڭىزنى كەمسىتىدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ. سىز قېينانا، قېيناتىڭىزنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسىڭىز، خوتۇنىڭىزمۇ سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. سىز ئۇلارنى ھۆرمەت قىلماي تۇرۇپ، خوتۇنىڭىزدىن ئاتا - ئانىڭىزنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشنى تەلەپ قىلسىڭىز، بۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. خوتۇنىڭىز ئېغىزىدا بىر نەرسە دېمىسىمۇ كۆڭلىدە سىزدىن نارازى بولىدۇ. ھەربىكىتىدە نارازىلىقىنى بىلىپ - بىلمەي كۆرسىتىپ سالىدۇ.



نىمشېھىت
( 1906 — 1972 )

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاساسچىلىرىدىن بىرى، داڭلىق شائىر ۋە جامائەت ئەربابى، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «شېئىرلار»، «يۈرەك سۆزى»، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن» قاتارلىق داستان ۋە شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى ئەرمىيا ئېلى سايرامى ھەققىي ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، يېڭى دەۋرنىڭ كۈيچىسى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا بىر قولىغا قەلەم، بىر قولىغا ئەلەم ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكى قەلب تۆرىمىزدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

شۇڭا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماي تۇرۇپ، باشقىلاردىن ياخشىلىق تەمە قىلماڭ.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، لوقمان ھەكىم بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيدىكەن. باي بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— يەرگە بۇغداي تېرىۋەت، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان ھەكىم بۇغداي ئورنىغا ئارپا تېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ساڭا بۇغداي تېرىغىن دېسەم، نېمىشقا ئارپا تېرىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

لوقمان ھەكىم:

— ئارپا تېرىسام بۇغداي ئۈنەمدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوئال سوراپتۇ. باي ئاچچىقلىنىپ:

— ئەقلىڭ بارمۇ؟ نەدە ئارپا تېرىسا بۇغداي ئۈنىدىكەن؟ — دەپتىكەن، لوقمان ھەكىم:

— ئۇنداق بولسا، سىز دائىم خەلققە جەبىر ـ زۇلۇم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىسىزغۇ؟ ياخشىلىق قىلسىڭىز، ياخشىلىق، يامانلىق قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە يامانلىق قايتىدۇ. ئارپىدىن بۇغداي ئۈنمىگەندەك، خەلققە ئازار بېرىپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلماڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

3. قېينانا، قېيناتىڭىزنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇڭ. يوقلاپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدا ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، يەپ ـ ئىچىپ قايتماي، ئۇلارنىڭ ئائىلە، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىڭ، بولۇپمۇ ئۇلار دېھقان بولسا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئۆزىڭىزنىڭ كۈيئوغۇللۇق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ. ئۇلارغا بىر قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى بىر ياخشى ئوغۇلغا ئېرىشكەندەك تەسىرات بېرىشكە تىرىشىڭ.



ئەھمەت زىيائى

( 1913 — 1989 )

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، پېشقەدەم شائىر، تالانتلىق دراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەت زىيائى 1947 ـ يىلىلا «توزىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ناھايىتى شانلىق ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇشقۇن ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە كەيپىياتى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە پارلاق نۇر چاچىدۇ.

4. ئايالىڭىز خۇدا قوشقان ھەمراھىڭىز، شۇڭا ئۇنى خارلىماڭ، ئورۇنسىز ئازار بەرمەڭ، بەختلىك بولاي دېسىڭىز، ئۇنى ھۆرمەتلەڭ، ئايالىڭىزدا سىز ياقتۇرمايدىغان بەزى قىلىقلار بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ باشقا ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەرنىڭ خۇي - مىجەزى بىر خىل ئەمەس. سىزنىڭمۇ ئايالىڭىز ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئايالىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا قالايمىقان ئارىلىشىۋالماڭ. ئايالىڭىزدا ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىن چوڭ نۇقسان بولمىسىلا، سىز ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئانىلار، قىزلار ۋە ھەدە سىڭىللاردۇر. باشقا دىندارلارنىڭ ھەر بىرى قولى يىپقا بارمىغان ئايالغا ئۆيلەنسىمۇ بىر - بىرىدىن بىزار بولۇپ ئاجرىشىپ كەتمەيدۇ...»

بىر كىشى خوتۇنى ئۈستىدىن دەرد تۆكمەكچى بولۇپ، دوستىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ھويلىدا قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئىشىكنى ئېچىپ، ھويلىغا كىرىپتۇ. قارىسا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىلىملىك دوستى كۈلۈپ جىم تۇرغۇدەك. خوتۇنى بولسا ئاللىنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ - جارقىراۋېتىپتۇ.

ئۇ كىشى ئۆز - ئۆزىگە:

— دوستۇمنىڭ ئۆزى مەندىنمۇ بەتتەر ئىكەن، يەنە مەن خوتۇنۇمنىڭ ئۈستىدىن دەرد ئېيتقىلى كەپتىمەن، — دەپ ئارقىسىغا قايتماقچى بوپتۇ، بىلىملىك دوستى ئۇنىڭ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى توختىتىۋاپتۇ ۋە نېمە ئۈچۈن كېلىپ، يەنە نېمە ئۈچۈن قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ كىشى ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن بىلىملىك دوستى دەپتۇ:

— ئاياللىرىمىزنىڭ ھەققى كۆپ، ئۇلارنى ھەرقانچە ھۆرمەت قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ.



سەيپىدىن ئەزىزى
( 2003 — 1915 )

«سۇتۇق بۇغراخان»، «ئۇمۇر داستانى» قاتارلىق رومان، ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەرباپى سەيپىدىن ئەزىزى قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ ئېلىپ ماڭالىغان بىردىنبىر مەسئۇلىيەتچان رەھبەر، تىرىشچان يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن روشەنلىككە، بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە. ئۇنىڭ رەھبەرنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپمۇ قەلەمنى تاشلىمىغان ئېسىل خىسلىتى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆرنەك بولۇپ قالغۇسى.

مەسىلەن، ئۇلار يەڭگىش ۋاقتىدا چەككەن ئازابلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، بۇ ھال ئۇلار ئۈچۈن ھايات ـ ماماتتۇر. كېيىن پەرزەنتلىرىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆستۈرىدۇ، تاماق ئېتىدۇ، كىر يۇيىدۇ، ئۆينىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىشلىرىنى قىلىدۇ. بىز ئەر كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قەدىرلەيلى، بەزىدە خاتا سۆزلىگەن بولسا، كەچۈرۈپ، خا- تالىقلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن تۈزىتىپ بېرەيلى. توغرا سۆزلىرىنى، پايدىلىق مەسلى- ھەتلىرىنى قوبۇل قىلايلى. بەزىدە ئاچچىقلاپ قاتتىق گەپ قىلسا، قوپاللىق قىلماستىن، گەپ قىلماي كۈلۈپلا تۇرۇۋالايلى. ھەممە ئېغىرلىقنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمەستىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرەيلى. ئانىلارنى قەدىرلەيلى، ھۆرمەتلەيلى، مەن ئوغۇل ـ قىزلىرىمغا دائىم نەسىھەت قىلىپ ئېيتىمەن:

بېيىت:

جان قولاق سېلىپ ئاڭلا، نۇر بەرگۈچىدۇر ئانا،
بەختۇ ئىقبالىڭ ساماسىدا نۇر ئەفشانىدۇر ئانا.

— دوستۇم، ماڭ ئۆيۈڭگە قايتىپ خوتۇنۇڭ بىلەن ئىناق ياشا، سەن ياخشى بولساڭ، خوتۇنۇڭ ئېيتقان سۆزۈڭدىن چىقمايدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى بىلىملىك دوستىنىڭ نەسىھىتىگە ئەمەل قىلىپ خوتۇنى بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈپتۇ.

5. ھەددىدىن ئارتۇق گۇمانخور، كۈنلەمچى بولماڭ. ئائىلىدە جېدەل ماجىرانىڭ ئۆكسىمەسلىكى ۋە ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆپىنچە ھاللاردا ھەددىدىن ئارتۇق گۇمانخورلۇق تۈپەيلى ئورۇنسىز كۈنلەشتىن بولىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىسىم كوينىئوغۇللار ئايال باشقۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئايالىمنى قاتتىق باشقۇرىمەن، دەپ گۇمانخورلۇق قىلىپ، ئايالىنى كۈنلەپلا يۈرىدۇ. بەزىدە



زۇنۇن قادىرى

( 1989 — 1912 )

« غۇنچەم»، « گۈلنىسا»، « ماغدۇر كەتكەندە»، « شەپقەت ھەمشىرى» قاتارلىق ئوپېرا، ئەسەرلەرنىڭ ئىجادچىسى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىدىيە ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئىنقىلابىي رېئالىزمىنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئو- رۇنغا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان.

تېخى ئەر كىشىدىن كۆڭلەپ ئاچچىقى بېسىلماي « ئايالىنى ئايال بۇزىدۇ » دەپ قاراپ، ئايال كىشىنىمۇ كۆڭلەيدۇ. يات بىرەر ئەر كىشىنىڭ ئايالى بىلەن بىرەر ـ ئىككى ئېغىز سۆز ـ لەشكىنىنى كۆرۈپ قالسا، بولۇپ بەرگىنى شۇ، ئايالىنى ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ ـ دۇشكەلەپ يۈز ـ كۆزىنى كۆكەرتىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەرلەرنىڭ ( كۈيئوغۇللارنىڭ ) نەزىرىدە ئايالىغا نىسبەتەن ھۆرمەت دېگەندىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ئايالنى باشقۇرۇش، ئەرلەرچە ھۆكۈمرانلىقلا مەۋجۇت.

دەرۋەقە كۆڭلەشنىڭ ماھىيىتى گۇمانخورلۇق، ئۆز ئايالىغا ئىشەنمەسلىك بولۇپ، بۇنداق ئىشەنمەسلىك ئايالىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئو- رۇنسىز كۆڭلەمچىلىك، ئورۇنسىز سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئايالىڭىزنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتىڭىزنى يوقىتىسىز، ئارىدىكى مۇناسىۋىتىڭىزگە سوغۇقچىلىق چۈشىدۇ، ئائىلە بۇزۇلىدۇ.

بىز ئۇيغۇردا بۇنداق گۇمانخورلۇق، كۆڭلەمچىلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن پاجىئەلەرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ توپ نېگىزىدىن ئالغاندا، شۇ پاجىئەنى كەلتۈرگۈچىنىڭ ئەخلاق ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ف. ۋولتېر بۇ ھەقتە « خۇدنى بىلمەيدىغان كۆڭلەش شەخسىيەتچىلىك ۋە شۆھرەت- پەرەسلىك قىلغاندىنمۇ يامانراق جىنايەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ » دېگەندى.

يەنە شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كۆڭلىمەيمەن.دەپ ئايالىڭىزنى مەيلىگە قويۇۋېتىشمۇ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ، بىر قىسىم ئايالالار يولدىشىنىڭ كۆڭلىمەسلىكىنى ئۆزىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيمىگەنلىك دەپ بىلىدۇ، بىر قىسىم دانالار « ئۆز خوتۇنىنى كۆڭلىمەسلىك ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس » دەپ قارايدۇ. دېمەك، مەلۇم جەھەتتىن ئايالىڭىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى، كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى، ھېس-



قۇربان ئىمىن
( 1992 — 1914 )

« تارىم غەزەللىرى »، « قەشقەر ئاۋازى »، « مېنىڭ ناخشام » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى قۇربان ئىمىن ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىدە شېئىر، داستانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل جەھەتتە كۆپ خىللىقىغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوش- قان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چۇ- شىنىشلىك، ئاممىباب، مىل- لىي پۇرىقى قويۇق بولغاچقا، خەلق ئىچىگە تېزلا ئۆزلىشىپ كەتكەن.

سىيات جەھەتتىن قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ۋە ئۆزئارا بىر ـ بىرىگلارنى چەكلەپ تۇرۇشنىڭ زىيىنى يوق، بۇ ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

6. ھاراق ـ شاراب ئىچىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. شۇنى بىلىڭكى، ھاراق ھاياتىڭىزنىڭ دۈشمىنى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى، ھاراققا بېرىلگەن ئادەمنىڭ خانىۋەيران بولمىغىنى ئاز، ھاراق قۇتىدا جىم تۇرغىنى بىلەن سىزنىڭ قېرىنىڭىزغا كىرگەندىن كېيىن سىزنى جىم تۇرغۇزمايدۇ، ئەقىل ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ئابرۇيىڭىزنى تۆكۈۋالىسىز، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشىسىز، « مەستلىك پەسلىك » دېگەن شۇ. يەنە كېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولىسىز، سالامەتلىكىڭىز زىيانغا ئۇچراپ، نېرۋا كېسەللىكى، جىگەر كېسىلى، ئاشقازان ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولىسىز. ئۇنتۇماڭكى، ھاراقكەشلىك تۇپەيلى قىش كۈنلىرى تام تۈۋىدە يېتىپ قېلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلارمۇ، ھاراق ئىچىپ ئۆزىنى كونترول قىلالماي ئادەم ئۆلتۈرۈپ پۇشايمانىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالغانلارمۇ بار.

يېقىندا تېلېۋىزوردا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ « قانۇن ۋە پۇقرا » سەھىپىسىدە بۇ يىل 8 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقى كۆرسىتىلدى. ئەسلىي ۋەقە مۇنداق بولغان:

جىنايەتچى ×× بىر ئاغىنىسى بىلەن ھاراق ئىچىشكەن، ئىچىشكەندىمۇ مەست بولغۇچە ئىچىشكەن. جىنايەتچى مەست بولغاندىن كېيىن قولىغا پىچاق ئېلىپ « ئادەم ئۆلتۈرىمەن » دەپ تۈۋلاپ كوچىغا چىققان ۋە كوچىدىكى كىشىلەرنى قوغلىغان. دەل شۇ چاغدا جىنايەتچىنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ نەسىھەت قىلغان، جىنايەتچى تاغىسىنىڭ نەسىھىتىنى



تۇردى سامساق

( 1923 — 1992 )

« ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر »، « بەش تال ئوق »، « ئۇچمەس يۇلتۇزلار » قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، ئەدەبىياتىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى تۇردى سامساق خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان يازغۇچىدۇر.

ئۇ ئىجادىيەتنى كۈرەش دەپ تونۇغان بولۇپ، ھەربىر جۈملە يازمىسىغا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۆزگىچە خاس ئورۇنغا ئىگە بولغان.

ئاڭلىمايلا قالماستىن، بەلكى تاغىسىنىڭ ئۈچ يېرىگە پىچاق تىققان، تاغىسى يىقىلغاندىن كېيىن يەنە باشقىلارنى قوغلىغان، پىچاق تۇتقان قولىغا ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ پىچاقنى تارتىۋالغان ۋە جىنايەتچىنى بويسۇندۇرغان. جىنايەتچىنىڭ تاغىسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغان بولسىمۇ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن، ئەسلىدە جىنايەتچى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ شۇ تاغىسى بېقىپ قاتارغا قاتقان، مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىكەن.

قاراڭ، هاراقنىڭ كاساپىتىدىن بۇ جىنايەتچى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان تاغىسىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ياشلىق هاياتىنىمۇ ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنشلىق پاجىئە ـ هە ؟

دېمەك، هاراق ئىنساننى هەر كويغا سالىدۇ، ئېزىتقۇدەك ئېزىقتۇرىدۇ، جىنايەتكە باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: « هاراقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ هەممە يامانلىقلارنىڭ ئاچقۇچى » دېگەن. شۇڭا ياخشى كۈيئوغۇل بولىمەن دەيدىكەنسىز، هاراق ـ شارابقا يېقىنلاشماڭ، يېقىنلاشقان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، تەۋۋا قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام « گۇناهىدىن تەۋۋا قىلغۇچى كىشى گۇناهسىز ئادەم بىلەن باراۋەردۇر » دېگەن.

نەزمە:

مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتەر دۆلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئەخمەق ئېتى.

ـ يۈسۈپ خاس هاجىپ



ئابدۇكېرىم خوجا
( 1988 — 1928 )

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە پىشقان ژۇرنالىست، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، « باهار ناخشىسى »، « تۇپراق، باهار ۋە مەن » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇكېرىم خوجا لىرىك هېسسىيات بىلەن مول پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يۇغۇرۇپ، كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان ئىدىيىۋى كۈچ هاسىل قىلىدىغان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. خەلقىمىز ئۇنىڭ مول، جاپالىق مەنىۋى ئەمگەكلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.



جاپپار ئەمەت
( 1999 — 1929 )

ئىزدىنىش روھىغا باي، سەممىي، پەزىلەتلىك شائىر، ژۇرنالىست جاپپار ئەمەت 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە ھەرخىل تېما ۋە ئۇسلۇب بىلەن ئوخشاشمىغان ئىدىيەۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «قامچىلاش ئارقىلىق تۈزىتكە بولۇش» ئىبارەت جەڭگىۋار روھ سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ھەم ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## 9. ئۇزۇقلىنىش ئەخلاقى

*قارنى ياماندىن ھۈنەر كەلمەس يېمەكتىن باشقا،*
*نەپسى ياماندىن نەپ يەتمەس دېمەكتىن باشقا.*

— ئەلىشىر نەۋائى

بەدەننىڭ قۇۋۋىتى ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەككە موھتاج بولىمىز، ئەمما بۇ خىل مۇھىتتا مەلۇم قائىدە - ئۆلچەمگە رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر. بۇ قائىدە - ئۆلچەم بولسا ئوزۇقلىنىش ئەخلاقىدۇر.

ئوزۇقلىنىشتا بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش مەقسەت قىلىنىغاچقا، تاماقتىن بۇرۇنقى ئەدەپ - قائىدىلەر ۋە تاماق يېگەن ۋاقىتتىكى ئەدەپ - قائىدە، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنكى ئەدەپ - قائىدىلەرگە رىئايە قىلماق، مىجەزگە ( مىزاج ) قاراپ ئوزۇقلانماق تولىمۇ مۇھىمدۇر.

1. تاماقتىن بۇرۇنقى ئەدەپ - قائىدىلەر

تاماقتىن بۇرۇن قولنى پاكىز يۇيۇشقا ئادەتلىنىش، ئىنساننىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى ئاساسەن قول ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ جەرياندا ھەرقانچە دىققەت قىلدىم دېگەندىمۇ قولىمىزنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنالمايمىز، شۇڭا تاماق يېيىشتىن بۇرۇن قولنى پاكىز يۇيۇشنى ئۇنتۇماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تائامنىڭ

بەرىكىتى تاماقتىن بۇرۇن ( يېيىشتىن بۇرۇن ) ۋە كېيىن قول يۇيۇشتۇر » . قول يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پاكىز لۆڭگە ياكى قەغەز بىلەن قولىڭىزنى سۈرتۈڭ. ئەگەر لۆڭگە پاكىز بولمىسا ياكى ئۇپچە ئىشلىتىلگەن لۆڭگە بولسا بۇنداق لۆڭگىدە قولىڭىزنى سۈرتمەڭ، بۇ سالامەتلىكىڭىزگە پايدىلىق.

تاماق يېيىشتىن بۇرۇن چوقۇم داستىخان سېلىپ ئاندىن تاماق يېيىشكە ئادەتلىنىڭ. داستىخان سالماي، ئۆرە تۇرۇپ ياكى مېڭىپ يۈرۈپ ۋە ياكى بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماق يېمەڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن، مەن بىر قول، قول يېگەندەك يەيمەن، قول ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن » .

ھەرقانداق تاماقنى ئەتىۋارلاپ يەڭ، سۈپىتى، تەمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاماقنى ئەيىبلىمەڭ. بارىغا رازى بولۇپ كۆڭلىڭىز تارتسا يەڭ، كۆڭلىڭىز تارتمىسا يېمەڭ، ئەڭ ياخشىسى دۇنيادا بىر بۇردا نان، بىر يۇتۇم سۇغا تەقەززا بولۇۋاتقانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلاپ ئاش ـ تائام تاللىماڭ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىز تاماقتىن قۇسۇر چىقىرىپ باقمىغان » .

ئەتىگەنلىك تاماققا سەل قارىماڭ، شارائىتىڭىز يار بەرسە ئەتىگەنلىك تاماققا ئوزۇق-لۇقى يۇقىرى، قۇۋۋەتلىك تاماق يەڭ، چۈنكى ئادەمنىڭ ئەتىگەندىن چۈشكىچە بولغان پائا-لىيىتى ( يەنى ئەمگەك، خىزمەت ۋە باشقا پائالىيەتلەر ) ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېنېرگىيە تولۇق بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇدىن كېيىن ئادەم-نىڭ بەدىنى بوشىغان، ئاشقازان بىكارلانغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەنلىك تاماقنى قۇۋۋەتلىك يېيىش لازىم. ئەتىگەندە قۇۋۋەتسىز ئوزۇقلانسا، ئادەم ئىش ۋە ئەمگەكتە، خىز-مەتتە ئاسان چارچايدۇ ۋە كېسەلگە مۇپتىلا بولىدۇ، تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا يېيىلمىسە ياكى قۇۋۋەتسىز يېيىلسە، ئۆتتە تاش پەيدا بولۇش، ئاشقازان ياللۇغى،



پەتتارجان مۇھەممىدى

( 1930 — 1984 )

خېلىلا جاپالىق ئەجىر قىلىپ بىرقەدەر قەلىمى پىش-قان ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى تەشكىللەش، ئۇسمىدلىك ھە-ۋەسكارلارنى بايقاش، قوللاش ۋە ئۇستۇرۇش جەھەتتە مەلۇم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، سىياسىي لىرىكىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان « ئۆمۈر چېچەكلىرى » ناملىق توپلام-نىڭ مۇئەللىپى پەتتارجان مۇھەممىدى گەرچە بەك كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرال-مىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇ-نىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسى-دىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

نىرۋا ئاجىزلىق، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش قاتارلىق كېسەللەرگە يولۇقىدىكەن، شۇڭا بىر كۈنلۈك تاماق ئىچىدە ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ خاسىيىتى چوڭ بولۇپ، تاماقنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە يېيىش لازىم. بەزى كىشىلەر تاماق يېگۈم كەلمىدى، دەپ ئەتىگەنلىك تاماقنى ۋاقتىدا يېمەي سائەت 10 لاردا يەيدۇ، يەنە بەزىلەر ناشتا قىلماي تۇرۇپ تاماكا چېكىدۇ. بۇنداق قىلمىشلار سالامەتلىككە پايدىسىز.

2. تاماق يېگەن ۋاقىتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

تاماق يەۋېتىپ گېزىت ـ ژۇرنال كۆرمەڭ، بۇنداق قىلسىڭىز، ئىشتىھايىڭىزغا زىيانلىق، چوڭلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندە، چوڭلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماڭ، بۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. كەلتۈرۈلگەن تاماقنى باشقىلار بىلەن يېگەندە يېيىشكە توغرا كەلگەندە ئۆزىڭىزنىڭ ئالدىدىن يەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى بالا، بىسمىللا دە، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يە، ئالدىڭدىن». قولىڭىزنى لىگەنگە سىلكىمەڭ، لىگەندىكى تاماقنى ماتىلاپ، ئىلەشتۈرۈپ يۇرمەڭ، قولىڭىزدىكى چىشلەپ بولغان نان پارچىسىنى ئوپچىنىڭ قاچىسىغا چىلىماڭ. بېشىڭىزنى لىگەنگە يېقىن ئەكېلىۋالماڭ ۋە بېشىڭىزنى كۆتۈرمەي يەۋەرمەڭ. ئاغزىڭىزغا زىيادە ئېلىۋېلىپ قاچىغا چوشۇرۇۋەتمەڭ، تاماق يەۋېتىپ پاسكىنا، مەينەت سۆزلەرنى قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماڭ. ساھىبخانا نان ئوشتۇپ تاماققا تەكلىپ قىلمىغۇچە قول ئۇزاتماڭ ھەم ئاكتىپلىق بىلەن ساھىبخانىنىڭ تەكلىپىسىز نان ئوشتۇماڭ، ساھىبخانا سىزنى نان ئوشتۇپ قويۇشقا تەكلىپ قىلسا، يەپ بولۇشىڭىزغا يېقىپ ئوشتۇڭ. سىزگە سۇنۇلغان چاي، تاماقنى ئىككى قوللاپ ئېھتىيات بىلەن ئېلىڭ، بىر قولدا ئالماڭ. چاي ۋە تاماق قىزىق بولسا ئاۋاز چىقىرىپ پۈۋلىمەڭ، تاماقنى ئاز ئېلىپ ئاستا، ياخشى چايناپ ئاندىن يۇتۇڭ. تاماق چايناۋېتىپ گەپ قىلماڭ، ئېغىزىڭىزدىكى تاماق چاچراپ باشقىلارنى يىرگەندۈرۈپ



قەييۇم تۇردى

( 1936 — 1999 )

«كۈرەشچان يىللار»، «جىمجىت جۇڭغارىيە»، «قىزىلتاغ چىراغلىرى» قاتارلىق رومانلارنىڭ مۇئەللىپى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى، ئىقتىدارلىق ۋە مول ھوسۇللۇق يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. ئۇ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ياد ئېتىلىدۇ.

قويىسىز ، ئاغزىڭىزدىكى تاماقنى چايناپ يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ داستىخانغا قول ئۇزاتماڭ . باشقىلار تاماق يەۋاتقان ئەھۋالدا سىز ئۇلاردىن بۇرۇن قول يىغماڭ . سىزمۇ ئارىلاپ قول ئۇزىتىپ ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ يەۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭ . تاماق يەۋېتىپ ئەسنەك ، چۈشكۈرۈك تۇتسا دەرھال يانغا قاراپ ئېغىزىڭىزنى قولىڭىز بىلەن توسۇۋېلىڭ . ئاۋاز چىقىرىپ كېكىرىشتىن ساقلىنىڭ . تاماق چېچىلغان بولسا تېرىۋېتىڭ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « داستىخانغا تۆكۈلگەن تائام ۋە ئۇۋاقلارنى تېرىپ يېيدىغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرى تۆكۈلىدۇ » .

تاماق يەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا يېڭىدىن مېھمان كەلسە قىزغىنلىق بىلەن تاماقنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلىڭ . تاماق يەۋېتىپ باشقىلارغا ۋە ئۇنىڭ قاچىسىغا قارىماڭ . تاماقنى بەك قىزىق يېمەڭ ، سوۋۇتۇپراق ئىستېمال قىلىڭ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « تاماقنى سوۋۇتۇپراق ئىستېمال قىلىڭلار ، قىزىق تائامدا بەرىكەت بولمايدۇ » .

تاماقنى ئاز يېيىشنى ئادەت قىلىڭ ، ھەددىدىن ئارتۇق يەۋەتمەڭ . زورلاپ يېگەن ئاش ـ تاماق سىڭمەيدۇ ھەم ئاشقازاننى بۇزىدۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « ئادەم توشقۇزغان قاچىنىڭ ئەڭ يامىنى ئۇنىڭ قورسىقى . ئادەم بالىلىرىغا قەددىنى رۇسلىغۇدەكلا تاماق بولسا يېتەرلىك » .

بىزدە بىر قىسىم كىشىلەر باركى ، « ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن » دەپتىكەن ، دەپ ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماي يەۋېرىدۇ ، نەتىجىدە قارنى يامانلىققا ئادەتلىنىدۇ . قارنى يامانىنىڭ ھالى تۆۋەندىكى ھېكايىدىكى پالۋاننىڭ ئەھۋالىدەك بولىدۇ ، خالاس .

*بۇرۇنقى زاماندا بىر مۇشتۇمزور پالۋان بار ئىكەن . ھۈنەرسىزلىك كەسپىدە تەڭداشسىز*



ئامانىنساخان

( 1533 — 1567 )

مەشھۇر مۇقامشۇناس ، شائىرە ، خانىش ئامانىنساخان سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا پادىشاھ ئابدۇرېشىتخاننىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى ، قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ مۇقاملارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى . ئۇ ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قىلغان ئۆچمەس ئىش ـ ئىزلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئېغىزىدا ۋە تارىخلاردا داستان بولۇپ داۋاملىق يادلانغۇسى .



مەھمۇت مۇھىتى

( 1944 — 1887 )

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغالغان تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شۆھرەتلىك شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئاكىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشىنى ۋارىسلىق قىلىپ، 6 - شىنىڭ شىجاڭى بولۇپ قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىدا، قەشقەر يېڭى زامان مائارىپى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. دىنىي مەدرىسىلەرنى ئىسلاھ قىلغان. خەلقىمىز بۇ ئوغلانىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

ئىكەن. چاشكا ۋاقتىدا ئون پاتمان يېسە، كەچتە يەنە شۇنچىلىك غىزاغا ئېھتىياجلىق بولىدىكەن. بۇ ئىككى تاماقنىڭ ئارىلىقىدا يەنە ئاشۇنچىلىك تاماقنى يەپ تۈگىتىدىكەن. ئەگەر ئۇ مەست پىلغا ئوخشاش زورلۇق قىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق پالۋاننىڭ بېلىنى پۇكۈپ تاشلايدىكەن.

بىر ۋاقىتلارغا كەلگەندە ھاياتنىڭ ھاۋادىسىلىرى يۈز بېرىپ، يۇرتتا قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك پەيدا بوپتۇ. بۇ بالا - قازا شۇنداق ئەۋج ئالىدىكى، كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. كىشىلەر جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە باش ئېلىپ كېتىشىپتۇ. بىر توپ خالايىق شۇ قاتاردا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كۆچتۈگۈر پالۋانمۇ بار ئىكەن، بىراق ئۇ پالۋان يول ئازابى تارتىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلا دەشت - چۆللەردە يۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، قورسىقى تويغۇدەك غىزاغا ئېرىشەلمەي، ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ جىسمىدا قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر قالماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئوزۇق يەتمىگەنلىكتىن چۆلدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىسى ئاجايىپكى، بۇ يولدا ئۇششاق باللارمۇ، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بوۋاي - مومايلارمۇ بار ئىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن، ساق - سالامەت ھالدا مەمۇرچىلىققا ئۇلىشىپتۇ، ھېلىقى پالۋان بولسا نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قاپتۇ.

ئۇلۇغ شائىر سەئدى تاماقنى ئاز يېيىشكە ئادەتلىنىش توغرىسىدا مۇنۇ نەزمىنى يازغانىكەن:

كىمكى ئاز يېيىشنى قىلسا ئادەت،

بېشىغا كۈن چۈشسە ئاسانلا يەڭگەي.
ئەگەر سەمرىتسە تەننى مولچىلىقتا،
ئېغىر كۈن كەلسىلا تەڭلىكتە ئۆلگەي.

ـ سەئدى

تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئوزۇقلىنىشتا تاماقنى جەزمەن 70% 80 تويغۇدەك يېيىش كېرەك ئىكەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ نەچچە يۈز خىل چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان، ھەممە ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چارىسى بىرلا خىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «تۆۋەن كالورىيىلىك ئوزۇقلىنىش». ئېنىقىنى ئېيتقاندا، قورساقنى زىيادە تويغۇزۇۋەتمەستىن، مۆۋاپىق تويغۇزۇش.

ئامېرىكا ئالىملىرى مۇنداق سىناق ئېلىپ بارغان، ئۇلار 100 مايمۇننى خالىغانچە يېيىشكە قويۇۋېتكەن، يەنە 100 مايمۇننى ئوزۇقلۇق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەپ، قورسىقىنى چالا تويغۇزۇپ باققان. نەتىجىدە خالىغانچە يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرگەن مايمۇنلار 10 يىلدا سەمرىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جىگىرىنى ماي قاپلاپ كەتكەنلىرى، تاجسىمان يۈرەك كېسىلىگە، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىرى، ئۆلگەنلىرى كۆپ بولغان. قالغان قورسىقى چالا تويۇپ ياشىغان 100 مايمۇن زىلۋا، ساغلام تۇرغان. روھىي كەيپىياتىمۇ ياخشى بولغان. ئاساسەن دېگۈدەك كېسەل بولمىغان. ئۇلارنى 10 يىل باققاندىن كېيىن ئاران 12 سى ئۆلگەن. كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قورسىقى چالا تويغان مايمۇنلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. شۇڭا، قورساقنى مۆۋاپىق تويغۇزۇش ھەقىقەتەن مۇھىم. ئامېرىكىلىق مەشھۇر بىر مۇتەخەسسىس



مەخسۇت مۇھىتى

( 1885 — 1931 )

«مەخسۇتىيە مەكتىپى» ناملىق زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ، بارلىق چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى خەلقىمىز ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئوغلانلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ 1931 ـ يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ جەڭ قىلغان. ئەپسۇس، شېڭ شىسەي ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ تېنىنى لۈكچۈن شەھىرىنىڭ سىرتىدىن، بېشىنى تۇرپان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېپىپ كېلىپ ئاستانىگە دەپنە قىلغان. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 46 ياش ئىدى.

جۇڭگوغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىگەندە، ئۇ: « سىلەرگە مۇنداق مۇھىم ئىككى جۈملە سۆزنى تەقدىم قىلاي، بۇ ھەممە دورىلاردىن ياخشى:

بىرى، قورسىقىڭلارنى مۇۋاپىق تويغۇزۇڭلار، سىلەر تاماق ئۈستىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۈستەلدە يەنە ئازراق تاماق قالسۇن، گەرچە يەنە ئازراق يېگۈڭلار بار بولسىمۇ، ئۆزۈڭلارنى كونترول قىلىڭلار، مانا بۇ قورساقنى چالا تويغۇزۇش دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بىرى، بىناغا پەلەمپەي بىلەن چىقىڭلار، يول مېڭىڭلار، ئاستا يۈگۈرۈڭلار، يەنى ئادەتتە ئۆيدىن چىقىپ يول مېڭىڭلار، بىنادا ئولتۇرغان بولساڭلار، لىفتقا چىقماي پەلەمپەي بىلەن مېڭىپ چىقىڭلار، ھەممىدىن ياخشى ھەرىكەت يول مېڭىش، ئەمەلىيەتتە نورمال ھەرىكەت قىلغاندا دىئابېت كېسەللىكى، تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ » دېگەن.

بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ سۆزى ھەممىمىزنىڭ ئەستە ساقلاپ سىناپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئوزۇقلىنىشتا بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغاچقا، مىزاجىڭىزغا قاراپ مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىڭ. ئالايلۇق، مۇبادا سىزنىڭ 12 بارماق ئۈچەي يارىسى كېسەللىكىڭىز بولسا ( دوختۇر شۇنداق دىئاگنوز قويغان بولسا )، ئوزۇقلىنىشتا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى، غىدىقلاش خاراكتېرى يوق يېمەكلىكلەرنى ۋە ئۇن تاماقلىرىنى ئاساس قىلىشىڭىز، قىيمىلىق شورپا، توخۇ گۆشى شورپىسى، قوينىڭ كاللا - پاقالچاقلىرى، بېھى سۈيى، بەسەي، جىغان يېغى، سۈت، شۇۋىگۈرۈچ، بۇغداي ئۇمىچى، بېلىق گۆشى، تۇخۇم، قوي گۆشى ... قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىڭ.

لازا، ئاچچىقسۇ، سامساق، زەنجىۋىل، پىياز، قېنىق دەملەنگەن چاي، قەھۋە، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەر، پۇرچاق، دادۇر، ياڭيۇ، خۇشبۇي دورا - دەرمەكلەر، ھاراق - شارابلار، گازلىق ئىچىملىكلەر، قورۇلغان تاماقلار، ھالۋا، ھەر خىل كاۋاپلار، كاۋا مان-



سادىر پالۋان

( 1798 — 1871 )

ئىلى ۋىلايىتىدە پارتلىغان مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى، جىگەرلىك، قورقماس ئەزىمەت سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ئاجايىپ ئۈنۈملۈك جەڭلەرنى قىلغان، ھەتتاكى ئۇ كېچىسى بىر توپ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە شام يېقىپ، قويرۇقىغا پوجاڭزا چىگىپ ھەيدەپ بېرىپ چىلىپەڭزى ئامبىلىنى تەسلىم قىلغان. خەلقىمىز ئۇنى داۋاملىق ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ بۈگۈنگە قەدەر سۆيۈپ ئوقۇپ يادلاپ كەلمەكتە.

تىسى، شىرنە ھالۋىسى، گۆشگىردە، يارما ئاش، قوناق تائاملىرى، كالا گۆشى، ئۆچكە
گۆشى، قارىئۆرۈك، قوغۇن، ئۈزۈم، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋە ـ چېۋە ئىچىملىكلەردىن پەرھىز
قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر سىزدە ئاشقازان ياللۇغى كېسىلى بولسا، ئاسان سىڭىدىغان قۇۋۋەتلىك تائاملارنى
يېيىش بىلەن بىللە ئۇسسۇزلۇقىڭىزغا ئارپىبەدىيان ئىستېمال قىلىڭ. ئالما، ئانار، زىرىق
سۇلىرىنى ئىچىپ بېرىشىمۇ پايدىلىق. توخۇ شورپىسى، قىرغاۋۇل شورپىسى، ئارپا شور-
پىسى، پۇرچاق ئېشى، شويلا، شوۋىگۈرۈچ، تۇرۇپ، زىرە، پىننە، بەسەي، سىركىدە پى-
شۇرۇلغان ئۆردەك تۇخۇمى، سۈت، جىگەر، بۆرەك ...قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىڭ.

تاماقنى كۆپ يېمەڭ، ھاراق ئىچمەڭ، تاماكا چەكمەڭ، بەك قېنىق دەملەنگەن چاي
ئىچمەڭ، تاماقنى قىزىق پېتى بەك تېز يېمەڭ، ئۇنىڭدىن باشقا كالا گۆشىدە تەييارلانغان
قىيمىلىق تاماقلارنى، پىشمىغان ياكى چala پىشقان تاماقلارنى، پىتىر مانتا، گۆشگىردە،
خوشاڭ، تاۋا كاۋاپ ۋە يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك مايلىق تاماقلارنى، ئالما، ئامۇت، دادۇر،
جىگدە، قورۇلغان تۇخۇم، ئاچچىقسۇ، لازا، ياڭيۇ ...قاتارلىق ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىـ
دارىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مېۋە ـ چېۋە ۋە سەي ـ كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلماڭ. مۇبادا
سىز قەۋزىيەت ( چوڭ تەرەت كەلمەسلىك ) كېسىلىگە گىرىپتار بولسىڭىز، تاماقنىڭ
مىقدارى ۋە سۈپىتىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، بەلگىلىك ۋاقىتتا تاماق يېيىشكە ئا-
دەتلىنىڭ. تاماقنىڭ تۈرى بىر خىللا بولۇپ قالمىسۇن، يەنى خېمىرلىق، گۈرۈچلۈك
تاماقلار، گۆش ـ ياغ ۋە ھەرخىل سەي ـ كۆكتاتلار، مېۋە ـ چېۋىلەر، تۇز ۋە باشقىلارمۇ
مۇۋاپىق مىقداردا تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك. ھەر خىل كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئار-
لاشتۇرۇپ يېيىش قەۋزىيەت بولماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. ھەر كۈنى ناشتىدا
قايناقسۇغا ئازراق تۇز سېلىپ ئىچىپ بېرىش، قۇرۇق مېۋىلەرنى چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ



تۆمۈر خەلپە
( 1913 — 1891 )

XX ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا زالىملارغا، مۇستەبىتـ-
لىككە، ئېزىلىشكە قارشى
كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا
چىققان جەسۇر بوران قۇشى
تۆمۈر خەلپە ئۆزىنىڭ باتۇر-
لۇقى، قىلغان شىددەتلىك
جەڭلىرى بىلەن تارىختا ئۆچ-
مەس سەھىپە قالدۇرغان. ئۇ
قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى-
نىڭ پىلتىسىگە ئوق يېقىپ
بەرگەن بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭ
پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان
قوزغىلاڭغا ئاساس سېلىپ
بەرگەن. ئۇتكۇر ئەپەندى يازغان
« ئىز » رومانىدا تۆمۈر خەلـ-
پىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى ۋايىغا
يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەنگەن.

ئىچىش پايدىلىق.

كۆكتاتلاردىن پالەك، چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە، ياڭيۇ قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە، مېۋىلەردىن ئالۇچا، ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، شاتۇت، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئاپېلسىن، بانان، ياڭاق، ئالما، بادام ... قاتارلىقلارنى، يېمەكلىكلەردىن توخۇ گۆشى، نوقۇت شورپىسى، ئوغلاق گۆشى، قوشقار گۆشى، يالپۇز شورپىسى، كۆكۈاش ئېشى، قېتىق، كالا سۈتى، شۇنداقلا كېپەكى ئاز ئۇننى ئازراق ئىستېمال قىلىڭ.

ئەگەر ئۆتىڭىزدە تاش پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، مېۋە ـ چېۋە، سەي ـ كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىڭ. تەنتەربىيە ۋە جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىڭ، روھىي كەيپىياتىڭىزنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاڭ. يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماقلارنى، يەنى قارا ئاشلىق، (ئاز مىقداردا) بېلىق، ئۆردەك گۆشى، توخۇ گۆشى ۋە ھەر خىل كۆكتاتلارنى ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىڭ.

زىيادە سەمرىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ، گۆشلۈك، مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىڭ، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلماڭ. ھاراق ئىچمەڭ، تاماكا چەكمەڭ. ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى، يەنى ھەر خىل قىيمىلىق تاماقلارنى، گۆش، پولۇ، گۆشگىردە، پېتىر مانتا، ھورنان قاتارلىقلارنى، ئىسسىق تەبىئەتلىك چاي دورىلىرىنى، ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى، تۇخۇم، ھايۋان ياغلىرى، سېرىقماي قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلماڭ.

ئەگەر يۈزىڭىزگە دانىخورەك چىقىۋالغان بولسا، ئورۇق گۆش، يەڭگىل، ئاسان بولىدىغان ئۇن تاماقلىرىنى ئىستېمال قىلىڭ، مېۋە ـ چېۋىلەردىن چىلان، قارىئۆرۈككە ئوخشاش قان تازىلاش تەسىرى بار بولغان مېۋىلەرنى يەپ بېرىڭ.

ھاراققا ئوخشاش غىدىقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىچىملىكلەرنى، ھايۋانات



قاھار جېلىل

( 1994 — 1943 )

«قىساس»، «ۋاقىت ئۆتنۈلدۈرالمىدۇ»، «مېھرىبان»، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان قاھار جېلىل ئۆز ئەسەرلىرىدە پاكلىق، سەمىمىيلىك، گۈزەللىك، ئىناقلىق، مېھرىبانلىق قاتارلىقلارنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇ ئەسەرنى ۋەقە دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت قېلىپقا چۈشۈپ قالماي، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتماي، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە پارلاق نۇر چاچىدۇ.

ياغلىرى، تاتلىق تورۇملەرنى، لازا ئاچچىقسۇ ۋە ھەر خىل يەل پەيدا قىلىدىغان تاماقلارنى، گۆشگىردە، پېتىر مانتا، پېتىر نان قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا زىيادە سوغۇق مېۋە ـ چېۋە-لەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىش.

يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىڭىز، تېرىق، قوناق، ماش، ئارپا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەردىن ئېتىلگەن نان، تاماقنى؛ كالا سۈتى، ئورۇق گۆش، قېتىق، ئۈسۈملۈك يېغى، بېلىق گۆشى، توخۇ گۆشى قاتارلىقلارنى، مۇناقى ئۈزۈم، چىلان، ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، ئاپېلسىن، ئالما، شاتوت، ئۈجمە، گىلاس، تاۋۇز، زىرىق، كۆك ئۈزۈم، ئاچچىق ئانار، جىنەستە، كاۋا، جىگدە، بېھى، ئالقات، ئامۇت، ئۆرۈك، نەشپۈت، كۆكسۇلتان ... قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەرنى، چىگەي، تۇرۇپ، پەمىدۇر، تەر-خەمەك، بەسەي، يۇمغاقسۇت، كۆكمۇچ، پالەك، پۇرچاق قاتارلىق كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىپ بېرىش.

ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، بەك قېنىق دەملەنگەن چاي، ھەر خىل ئىسسىق تەبىئەتلىك چاي دورىلىرى، مايلىق گۆش، ھەر خىل شورپىلار، كاۋاپ، پولۇ، ھالۋا، ھەر خىل قىيمىلىق تاماقلار، تۇخۇم، ناۋات، مايلىق سۈت، ھايۋانات ياغلىرى، ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ( جىگەر، بۆرەك ...) قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلىش.

قان ئازلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولسىڭىز، گۆرۈچ، بۇغداي قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىدا ئېتىلگەن تاماقلارنى، شۇنداقلا زاراڭزا يېغى، زاغۇن يېغى، كۇنجۇت يېغى، خاسىڭ يېغى، قىچا يېغى قاتارلىقلار بىلەن ئېتىلگەن تاماقلارنى، توشقان گۆشى، كەكلىك گۆشى، سۆڭەك شورپىسى ۋە باشقا شورپا، كاۋاپلارنى كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىستېمال قىلىش، تۇخۇم، سۈت، ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىمۇ ئىستېمال قىلىش. قىزىل ئۈزۈم، ياڭاق، خورما، ئەنجۈر، تاتلىق ئانار، بادام، قوغۇن، بانان، نارجىل پىستە، چىلخوزا،



روزى سايىت

( 2001 — 1944 )

« جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس »، « ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم »، « دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدىش »... قاتارلىق ئۆلمەس شېئىرلارنىڭ ئىجادچىسى، خەلقنىڭ يىغىسىغا يىغلاپ، ھال ـ مۇڭ بولغان شۆھرەتلىك خەلق شائىرى روزى سايىت ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقىي شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان ئەدىبتۇر. خەلقىمىز ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەسەرلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ ھەمدە مۇشۇنداق شائىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ.

چىلان قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەرنى ، سامساق ، پىياز ، سوغىپىياز ، پىننە ، قىزىلچا ، پەمىدۇر ، كەرەپشە ، پالەك ، سېرىق پۇرچاق ، بېدە ... قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىپ بېرىلىدۇ.

ھەزىم بولۇشى تەسرەك ، ھەزىمنى ، جىگەر خىزمىتىنى بۇزىدىغان ئالما ، شاپتۇل ، ئاپېلسىن ، تاۋۇز ، ئاچچىقسۇ ، لەڭپۇڭ ، راڭپىزا قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

مۇبادا مەزى بېزى ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىڭىز ، ئۇزۇقلۇقىڭىز ئۈچۈن ھەر خىل يېڭى كۆكتات ، مېۋىلەر ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى ، باچكا ، كەكلىك ، توخۇ ، قۇشقاچ گۆشلىرى بىلەن تەييارلانغان ئاسان سىڭىدىغان يېمەكلىكلىرىز ، قوۋۇرتىلمىك تائاملارنى ئىستېمال قىلىپ بېرىلىدۇ.

تەستە سىڭىدىغان ھەر خىل قىيمىلىق تاماقلار ، لازا قوشۇپ تەييارلانغان قورۇمىلار ، توخۇ قورۇمىسى ، ئاچچىق يېمەكلىكلەر ، لازا ، ئاچچىقسۇ ، ھاراق ـ شاراب قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

زۇكام بولۇپ قالسىڭىز ، ئىسسىق بولغان زۇكامدا ئورۇق گۆش ، يېشىل كۆكتاتلارنى سېلىپ تەييارلانغان شوۋىگۇرۇچ ، قېتىق ، سۈيۈق ـ سەلەك تاماقلارنى ، ئامۇت ، بېھى ، ئاچچىق ئانار ، تاۋۇز ، چىلان ، ئاپېلسىن ، سولۇق شاپتۇل ، قارىئۆرۈك ، لىمون قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەرنى ، سامساق ، پىياز ، يۇمغاقسۈت ، تەرخەمەك قاتارلىق كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى چەكلىمەي ، سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ ، دوغاپ قاتارلىقلارنى ئىچىپ بېرىلىدۇ.

تەبىئىي ئىسسىق ، قوۋۇرتىلمىك ، بەدەننى قىزىتىدىغان شورپا ، كاۋاپ ، قىيمىلىق تاماقلار ، تەبىئىي ئىسسىق چاي دورىلىرى ، ھاراق تاماكىدىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

سوغۇقتىن بولغان زۇكامدا ئاسان سىڭىدىغان ، قوۋۇرتىلمىك تائاملار ، توخۇم ، پاقلان



مۇسابايى

( 1809 — 1895 )

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە زور شۆھرەت قازانغان كاتتا باي — مۇسابايى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخستۇر.

ئۇ ئىلىدا كۆن خورۇم زاۋۇتى قۇرۇپ 200 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىنى چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلغان. ئۇ باللىرىنىڭ پىننىي مەكتەپ ئېچىشىغا ئىلھام بەرگەن ھەم « پۇلنىڭ خوجايىنى بولماي، بىلىمنىڭ خوجايىنى بولۇڭلار » دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرۇپ، دۇنيادىن كەتكەن.

گۆشى شورپىسى، لازا سېپىلگەن كاۋاپ، تاتلىق ئانار، ئەنجۈر، قىزىلچا، ياڭاق، سامساق، پىياز، سەۋزىلەر بىلەن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش.

ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلار ۋە بەدەننى سوۋۇتىدىغان يېمەكلىكلەر، قېتىق، ئاچچىقسۇ، دوغاپ، لەڭپۇڭ، راڭپىزىلاردىن پەرھىز قىلىش.

مۇبادا ئارزۇلۇق پەرزەنتىڭىز كۆك يۆتەل بولۇپ قالسا، ئۇڭاي سىڭىدىغان تاماقلارنى، يەنى سۈت، توخۇ گۆشى، يىلىتىلغان تۇخۇم، خولۇپ ئاش قاتارلىقلارنى بېرىش.

مايلىق، چۇچۇمەل، غىدىقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە نەرسىلەرنى، يەنى قورۇلغان تاماق، لازا، ئاچچىقسۇ قاتارلىقلارنى، ھۆل، سوغۇق تەبىئەتلىك مېۋە - چېۋىلەرنى، ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى، يەل پەيدا قىلىدىغان ھەر خىل قىيمىلىق تاماقلارنى ۋە مايدا پىشۇرۇلغان تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىش.

دېمەك، ئوزۇقلىنىشتا سالامەتلىك ئەھۋالىڭىز، مىجەزىڭىزگە قاراپ ئوزۇقلانسىڭىز، دورا، ئوكۇل ئىشلەتمەيمۇ، بالنىتسىدا يېتىپ داۋالانمايمۇ ساقىيىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئالدىڭىزغا كەلگەننى يەۋەرسىڭىز، تويسىمۇ يېسىڭىز، ئاچسىمۇ يېسىڭىز، سەمرىپ بىر تاغار لوق گۆشكە ئايلىنىسىز - دە، تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممەتلىرىمدىن ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىم ئۇلارنىڭ قورساق سېلىپ سەمرىپ كېتىشى، كۆپ ئۇخلىشى، ھورۇنلۇق قىلىشى ۋە ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدۇر».

تاماقنىڭ تۈرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، بىر خىللا ئوزۇقلىنىشتىن ساقلىنىش. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆپ ئائىلىلەردە تاماق تۈرلىرىگە ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. داۋاملىق بىر خىل تاماق ئىستېمال قىلىنىۋېرىدىغان ئادەت خېلى كۆپ ئائىلىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئادەت كىشىلەرنى تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغان تۈرلۈك



ئۆمەرباي ھاجى

( 1870 — 1938 )

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غايەت زور مەبلىغى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭق قازىنىپ، مۇسابايلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇپ تىلغا ئېلىنىدىغان كاتتا باي ئۆمەر ھاجى ئاخۇنبايوۋ نامرات دېھقانلارنى يۆلەش، مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىش جەھەتلەردە ئۇنتۇلماس ئىشلارنى قىلغان. ئۇ ھەتتاكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بازار باھاسىنى ئۆزى يالغۇز تەڭشەپ تۇرغىدەك ھالغا يەتكەچكە، جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ سېخىي، ساخاۋەتچىلىكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ئاخىرىدا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ھەقتائالا ياراتقان مۆجىزىلەردىن ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىگە، مىجەزىمىزگە ۋە شەرت-شارائىتىمىزغا قاراپ خىلمۇ خىل تائاملارنى تەييارلاپ ئوزۇقلانساق، كەيپىياتىمىزغا، مىجەزىمىزگە تەسىر قىلىپ، روھىمىزنى تېتىكلەشتۈرۈپ، سالامەتلىكىمىزنى ئاسراشقا بەلگىلىك ئۈنۈمى بولىدۇ.

ئالايلۇق، بەزى كىشىلەر كاللەكبەسەينى سوغۇق، يېلى كۆپ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، دەپ ئىستېمال قىلمايدۇ، ئەمەلىيەتتە كاللەكبەسەينىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۈچارقانات گۆشى، قوي - كالا گۆشى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، ئۈچەي يارىسىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاۋازنى ئاچىدۇ، باش ئاغرىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئىچى سۈرۈش، ئۇيقۇسىزلىق، كونا يۆتەل، ئىچكى ئەزالار ئىششىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، بۆرەكنى كۈچەيتىدۇ. زور كۆپچىلىك ئۇيغۇرلىرىمىزدا قاپاق ئىستېمال قىلىش ئادەتكە ئايلانمىغان، ئەمما قاپاقنى شورپا قىلىپ ياكى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغاندا ۋە ياكى سىقىپ سۈيىنى ئىچكەندە، ئۆپكە كېسەللىكلىرىدىن بولغان يۆتەل، بەلغەم، سۆلۇق ئىششىق، سۈيدۈكنىڭ راۋان بولماسلىقى، سېرىقلىق چۈشۈش كېسەللى (جىگەر ياللۇغى) ئىسسىق مىزاج، قان مىزاجلاردىكى باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئىچى سۈرۈش، قانلىق تولغاق، ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى پارازىت قۇرت كېسەللىكە، بوۋاسىر، مەقئەت قاناش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ياڭيۇنى قايىنىتىپ ياكى قورۇپ، ئوتتا كۆمۈپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا، تال، ئاشقازان ئاجىزلىشىش، ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قورساق كۆپۈپ ئاغرىش، چوڭ تەرەت راۋان بولماسلىق، يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

بىدە ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان قورساق



**قۇتلۇق شەۋقى**

**( 1876 — 1938 )**

ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، داڭلىق تارىخشۇناس، ئىلىم-مەرىپەتنى خەلقنى ئويغىتىش ۋە قوزغىتىشنىڭ ياخشى قورالى دەپ ھېسابلىغان دېموكراتىك زات قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا خەلقنى ئويغىتىش يولىدا پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «ئەركىن ھايات» ناملىق گېزىتنى نەشر قىلىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى، «قەشقەر تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئالىمنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن شېڭ شىسەي ئۇنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

كۆپۈش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ھۆل ئىسسىقتىن بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قان ئازلىق، تارتىشىش، رەگمىشىيە كېسەللىكلىرى، كۆكرەك چىڭقىلىپ يۆتىلىش، قەۋزىيەت، بالدۇر قېرىش قاتارلىقلارغا ھەمدە ئورۇق، ئاجىز ئادەملەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ساغلاملىقنىڭ ئاساسى — ئوزۇقلانغاندا مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، يەنى ئاق ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش، سەي - كۆكتاتلارنى، يېڭى مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىش، شۇ ئارقىلىق بەدەنگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش.

بەزىدە خېلى كۆپ كىشىلەر «ياخشى كۆرىمەن» دەپ، بىر خىللا تاماققا ئادەتلەنگەن. بۇنداق ئادەت سالامەتلىككە زىيانلىق. ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى تائام تۈرلىرى 300 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھايات سىناقلىرى داۋامىدا سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان تەملىك، شىپالىق تاماق تۈرلىرىنى كەشپ قىلغان ھەم قوللانغان بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەل ئۇيغۇر تاماق (ئوزۇقلۇق) مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەمدە ئوزۇقلۇق ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ، بۇ جەھەتتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. شۇڭا، ئوزۇقلىنىشنىڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

ئوزۇقلىنىشتا ئىسراپچىلىق قىلماڭ. ئائىلىدە تاماق ئەتسىڭىز پىلانلىق ئېتىڭ، ئاشپۇزۇللاردا تاماق بۇيرۇتسىڭىز يەپ بولۇشىڭىزغا بېقىپ (مۇۋاپىق تويۇشنى نىيەت قىلىپ) بۇيرۇتۇڭ، ئىسراپ قىلىپ تاماقلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولماڭ.

رېستوران مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىشىلەرنى خۇشال - خۇرام جەم بولۇپ دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ سورۇن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پۇل تاپقاندا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، ھەشەمەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان سورۇنى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ جايغا توپلاشقانلار ئېھتىياجىغا قاراپ تاماق



تۇردى ئاخۇن

( 1881 — 1956 )

«باھارىم چىمەنزارىم» قاتارلىق 30 نەچچە ناخشىنىڭ ۋە بىرنەچچە نەغمىنىڭ ئىجادچىسى، «12 مۇقام» نى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپلىرى بويىچە ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلىغان مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىمىزنىڭ مۇقامچىلىقىمىزغا قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بولمىغان بولسا، 12 مۇقام بۈگۈنكىدەك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشەلمىگەن، يەنى سىستېمىلاشتۇرۇپ رەتكە سېلىنمىغان بولاتتى.



ئىپارخان

( 1733 — 1788 )

ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈلى بولغان ئىپارخان چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس ئۇيغۇرچە باغ، قەسىر، مەھەللە بىنا قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىپارخان بۇنداق ئالىي ھىممەتلەرنى ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ئالدىدا بىر تىيىنگە تەڭ قىلمىغان. ئۇ چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇيرۇتماستىن، «يېمەكمۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى، سورۇننىڭ ياراشقۇسى ...» دەپ چوڭچىلىق قىلىپ ئون نەچچە خىل سەيلەرنى بۇيرۇتۇپ، بەزىلىرىگە ئېغىزمۇ تېگىلمەي تۆكۈلۈۋاتىدۇ. بۇنداق ئىسراپچىلىق ئەسلىمىزگە، نەسلىمىزگە يات قىلمىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەڭلار، ئىچىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، ئەمما ئىسراپچىلىققا، مەنمەنچىلىككە ئۆتمەڭلار!».

3. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قولىڭىزنى سۈرتۈڭ ياكى يۇيۇۋېتىڭ. ئايرىم كىشىلەر باركى، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قولىنى سۈرتكىلى قەغەز ياكى لۆڭگە بولمىسا ئالدىدىكى داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قولىنى سۈرتىدۇ، يەنە ئايرىملىرى دۈم يېتىپ ئېغىزىنى داستىخانغا ئېرتىدىغان قىلىقسىزلىقلارمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇنداق قىلمىشلار كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ، سۈرتكىلى قەغەز، لۆڭگە بولمىسا، دۇئادىن كېيىن سىرتقا چىقىپ قولىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭكى، قول ـ ئېغىزىڭىزنى داستىخانغا سۈرتمەڭ.

يەنە شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تاماق يېيىلىپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان يىغىلماستا داستىخاندىن ئاتلاپ ياكى بىر تەرىپىنى قاتلىۋېتىپلا سىرتقا ئالدىرىماڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن چىشنى چايقاشنى ئۇنتۇماڭ، چۈنكى ئېغىزىڭىز پاكىزلانسا چىش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولمايسىز، ئەگەر سىز باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولۇپ ئوزۇقلانسىڭىز، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ساھىبخانىغا رەھمەت ـ تەشەككۈرىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.



تېيىپجان ئېلىيوف

( 1930 — 1989 )

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئابرۇي قازانغان ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىياتشۇناس تېيىپجان ئېلىيوف «شەرق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «تۆھمەت قۇربانى» ... قاتارلىق توپلاملارنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

ئۇ يېڭى ھايات ۋە پارلاق كېلەچەكنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى بولۇپ، يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەن كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سالماق ئورۇن تۇتىدىغان ئەدەبىي مىراسقا ئايلانغان.

# 10 . قېرىلىق ئەخلاقى

*مەدەنىيەتلىك ، پەزىلەتلىك قېرىلار دۇنياسى بولمىغان مىللەت مەدەنىيەتسىز ئۆسمۈر ، ياشلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە گىرداۋاتقان مىللەتتۇر .*

ئا. مۇھەممەتئىمىن

قېرىلىق زور كۆپ سانلىق ئادەم ئۆمرىدە مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان ھاياتلىق مۇساپىسى بولۇپ، ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى بۇ ھاياتلىق مۇساپىسىنى تاماملىغانغا قەدەر بوۋاقلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ياشانغانلار ھايات يولىنىڭ ئاساسىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەنلەر، ئۆز خەزىنىسىنى ۋە ئۆز ئوبرازىنى تىكلىگەنلەر، قېرىلىق ئۇرۇقىنى توپلىغانلاردىن ئىبارەت ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ).

قېرىلىق مەزگىلى ئاساسەن پۇت - قولدىن ماغدۇر كەتكەن، كۆزلەر ياشاڭغۇرغان، بەللەر مۈكچەيگەن، چاچ - ساقاللار ئاقارغان مەزگىل بولۇپ، « بۇ ئۆمۈر يېشىنىڭ قېرىشىغا يۈزلىنىشىدۇر » ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ). بۇ مەزگىلدە ياشانغانلار ياشلىقتىكى نۇقسان ئەيىبلىرىنى تۈزىتىشكە تىرىشىشى، قېرىلىق ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىپ ئۆز ئوبرازىنى قېرىلارچە سالاپەت ۋە مەزمۇنلار بىلەن نۇرلاندۇرۇشى زۆرۈردۇر.

قېرىلىق مەزگىلىدە سالماق، ئېغىر - بېسىق بولۇپ ئۆزىڭىزنى تۇتۇشنى بىلىش،

خۇش مۇئامىلىگە ئادەتلىنىڭ. ئۆزىڭىزنى تۇتالمايدىغان، ئاسان تېرىكىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان، سەپرا مىجەزلىك ئادىتىڭىز بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ، چۈنكى قېرىغاندا ئاسان تېرىكىپ ئاچچىقلانسىڭىز، سالامەتلىكىڭىز زىيانغا ئۇچرىغاندىن باشقا، « سەپرا مىجەز قېرى » لەقىمىنى ئالىسىز ھەمدە باشقىلارنى بەزدۈرۈپ قويىسىز، خۇش مۇئامىلىلىگە ئادەتلەنسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئازادە ھېس قىلىسىز، كەيپىياتىڭىز نورمال، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق بولىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ « يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر » دەيدىغان ھېكمەت بار، خالىسىڭىز شۇ ھېكمەت مەزمۇن قىلىنغان بۇ ھېكايەتكە قۇلاق سېلىڭ:

*پادشاھنىڭ يېنىدا ئەقىل كۆرسىتىدىغان بىر دانىشمەن مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن. كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ تاكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىچە پادشاھقا ئەقىل كۆرسىتىدىكەن. پادشاھ ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ھېچ ئىش قىلمايدىكەن. بۇ دانىشمەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا كەلگەندە ئاۋۋال پادشاھقا سالام بېرىپ، تىنچلىق سوراپ ئاندىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىكەن.*

*بىر كۈنى ئەتىگەندە بۇ دانىشمەن ئىشقا كەپتۇ. ئىشخانىسىغا كىرسە پادشاھ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، چېچىلىپ بىرەيلەنگە قاتتىق كايىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن دانىشمەن پادشاھقا سالاممۇ قىلماستىن، تىنچلىقمۇ سورىماستىن، پادشاھنى مەنسىتمىگەندەك، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ، پادشاھ دانىشمەننىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ بىلىپ، ئاچچىقى تېخىمۇ ئۆرلەپ زەردىسى بىلەن دانىشمەنگە:*

*— ھەي ! بۈگۈن سەن نېمە بولدۇڭ ؟ ھەر كۈنى ئىشقا كەلگەندە ئالدى بىلەن مەن بىلەن سالاملىشىپ، مەندىن تىنچلىق سوراپ ئاندىن ئۆز ئورنۇڭغا بېرىپ ئىشىڭنى قىلاتتىڭ. بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپ كايىپتۇ.*

*— مەن سىلىنى يولۋاسنى يېڭىپ، داڭقى ئالەمگە كەتكەن قەيسەر باتۇر دەپ قاراپ،*



**ئابدۇخالىق ئۇيغۇر**

**( 1933 — 1901 )**

ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئازادلىق، تەڭلىك، دېموكراتىيە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى، نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر يېزىش بىلەنلا قالماي، ئىنقىلابقا قاتناشقان ئاكتىپ جەڭچىدۇر.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 32 يېشىدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمما، ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى، ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە.

ھەر چاغدا ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن مەن سىلىنىڭ ھەقىقىي باتۇر ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەنمىدىم، — دەپتۇ دانىشمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا پۈتۈن ئەل گۇۋاھ تۇرسا، سەن بۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ ئۆزىنى باسالماي دانىشمەنگە كايىپتۇ.

— تەقسىر، سىلى يولۋاسنى يەڭگەن بىلەن ئاچچىقلىرىنى يېڭەلمىدىلە، سىلىنى قانداقمۇ باتۇر دېگىلى بولسۇن؟! ئاچچىق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەمەس، ئاچچىقلاپ، كايىپ ئۆزلىرىنىمۇ خاپا قىلدىلا، باشقىلارنىڭمۇ دىلىنى ئاغرىتتىلا. ئاچچىقلانغاندىن نېمە پايدا چىقتى؟ ئاقىل ئادەم ھەر ئىشنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن قىلىدۇ، ئەل ئارىسىدا «ئېغىرلىق راھمانلىق، يەڭگىللىك شەيتانلىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، پادىشاھ بولغان كىشى بۇ سۆزنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىمدۇر، — دەپتۇ دانىشمەن.

دانىشمەننىڭ سۆزى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن بۇ نەقىل ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ئاچچىقلىنىپ بىھۇدە ئاۋارە بولىدىغان سەپرا مىجەز ئادەملەرگە نەسىھەت ئۈچۈن مۇشۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ «ئاچچىق ئۆزىدىن چوڭمۇ؟» دەپ ئاچچىقىغا ھاي بېرىدىغان سۆز سۆپىتىدە پايدىلىنىپ كەپتۇ.

قېرىغاندا ياشلارنىڭ قىلىقىنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ھاراق ـ شاراب ئىچىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، تاماكا چېكىپ ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، تاشلاڭ. قىمار، ماجاڭ ئويناش، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەڭ، بۇ خىل ئىللەتلەرنى قېرىغاندا تاشلىمىسىڭىز ئەل ـ يۇرتنىڭ لەنىتىگە قالىسىز، قېرىلىق جىسمىڭىزنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋالىسىز.

بىراۋ سوقرات ھەكىمدىن: خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن لەنىتىنىڭ ماھىيىتى نېمىدىن



رىزۋانگۈل

( 1945 — 1925 )

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل قازاقىستاننىڭ ئالماتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا تۇغۇلغان. 1932 ـ يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلغار ئىدىيىدىكىلەرنىڭ تەسىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، كۆپلىگەن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى قۇتقۇزغان. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بولغان ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا يارىدار جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇۋاتقاندا بېشىغا ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ئىبارەت ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— ياش ئادەم ئەقىل - پاراسەتتە قېرىلارغا ئوخشىشىپ كەتسە، بۇ خۇدانىڭ رەھمىتى بولىدۇ، ئەگەر قېرىلار ياشلارغا ئوخشىسا، بۇ خۇدانىڭ لەنىتى ھېسابلىنىدۇ، — دېگەن.

يەنە ئەجدادلىرىمىز « قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق » دېگەن ھېكمەتلىرى ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەرنى قامچىلىغان. قېرىغاندا ھورۇنلۇق، بىكارچىلىقتىن ساقلىنىڭ. ھورۇنلۇق سىزنىڭ تەن ۋە روھىڭىزنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. غەپلەت ئۇيقۇڭىزنى كۆپەيتىدۇ. ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم، شۇڭا قېرىغاندا ھورۇنلۇقنى تاشلاپ ئۆزىڭىزنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىڭ.

نۇشرۋان: « بىكارچىلىق ئادەمنى بىھۇدە خىياللارغا سالىدۇ، بىھۇدە خىيال بولسا كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ » دېگەنىكەن. دەرۋەقە ئادەملەر ھەر خىل قېرىيدۇ. قېرىلىقنىڭ بەلگىسى ياش بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ يېشى قېرىلىق مەزگىلىگە بارسىمۇ، ھورۇنلۇق، بىكارچىلىق، لايغەزەللىك بىلەن روھى چۈشكۈن، غايە - ئېتىقادسىز، ئۈمىدسىز ياشايدۇ، بۇنداق كىشىلەر يېشىدىن بۇرۇن قېرىيدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېشى 70 _ 80 لەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ، يۈرىكىدە جۇشقۇنلۇق، غايە، ئۈمىد، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يېشىغا قارىغاندا ياشتەك كۆرۈنىدۇ، ئاسان قېرىمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ « يېشىغا ئەمەس، قىلغان ئىشىغا قارا » دېگىنى دەل مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان.

قەدىمىي گرېك دراماتورگى سوفىكىل 80 يېشىدا مەشھۇر « ئودىپوس » تراگېدىيەسىنى يازغان، تىكلىسفون 90 يېشىدا « ئىنسان تەبىئىتى » ناملىق ئەسىرىنى يازغان، گيوتى 82 يېشىدا شاھانە ئەسىرى « فائۇست » نى تاماملىغان، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىمۇ قېرىغاندا « شاھنامە » داستانىنى تاماملىغان، ئەھمەد يەسەۋى 70 يېشىدا « دىۋانى



موللا مۇسا سايرامى

( 1826 — 1917 )

يۇرتىمىزنىڭ XIX ئەسىردىكى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كۆزۈرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مەشھۇر ئەسەر « تارىخى ھەمىدىي »، « تارىخى ئەمەنىيە »... نىڭ مۇئەللىپى موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا ئۇرغۇن بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان تارىخچىسى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا »، « دەرىيايان ئەسھابۇل كەھف »، « دىۋان مەسنەۋى »، « سالامنامە »... قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ھېكمەت » نى يازغان. مەشھۇر ئالىم، تۈركشۇناس مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى 70 يېشىدا قايتا رەتلەپ تاماملىغان.

« جاسارەت تۈگىگەن كۈنى قېرىلىق باشلىنىدۇ » ( موروئا ) . شۇڭا، « قېرىغاندا ھۇرۇنلۇق، بىكارچىلىقتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك » ( تىسېرون )

قېرىغاندا تىلى زەھەر بولماق، غەيۋەتخورلۇق قىلماق، تەمەگەر، ماختانچاق بولماق، كاجلىق قىلماق، ئۆز ئوبرازىڭىزنى تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

قېرىلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئابرۇيى ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر قېرىلارنىڭ تىلى زەھەر بولسا، جاھىللىق قىلسا، باشقىلارنىڭ يېقىنلاشقۇسى كەلمەيدۇ ـ دە، چەتكە قېقىلىپ يالغۇز قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ئەل ـ جامائەت « ئوسال قېرىپتۇ » دەپ ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە « تىلىڭ شورلۇق بولسا، يولۇڭ تار بولىدۇ » . شۇڭا، تاتلىق سۆزىڭىز دانالىقتا يانداشقان بولسۇن. ئەل ئارىسىدا « ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز دىلنى ( يارار ) » دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار ئەمەسمۇ ؟ !

قېرىغاندا بىر قىسىم كىشىلەر تەمەگەر بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىر قىسىم قېرىلار « ياشلىقىمدا ئۇنى قىلالىتىم، بۇنى قىلالىتىم، ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى » دەپ زەي سالماي پو ئېتىپ ماختىنىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. تەمەگەرلىك، ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى بولسا، ماختانچاقلىق ئۆزىنى بىلمىگەنلىك. م. سىرۋانتىس « ئۆز ـ ئۆزىنى ماختاش ئادەمنى يەرگە ئۇرىدۇ » دېگەن. مەيلى تەمەگەرلىك بولسۇن ۋە ياكى ماختانچاقلىق بولسۇن، ئوخشاشلا قېرىلارنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردۇر. شۇڭا، قېرىغاندا مۇبارەك ئوبرازىڭىزغا نۇقسان يەتكۈزۈۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

قېرىغاندا تىرىكچىلىك قىلىپ، ئاز ـ تولا بىر نەرسە تېپىشقا قادىر بولالمىغىنىڭىزدا، پەرزەنت ۋە كېلىنلىرىڭىزنىڭ قولىغا قاراپ قالىسىز، بۇنىڭدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ياش ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ تاپقان دارامىتىڭىزنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىقتىساد قىلىپ ساقلاڭ.



ياسىن ھاجى خۇدابەردى

( 1917 — 1990 )

« بىز باسقان يوللار » ، « ھايات ساداسى » قاتارلىق كىتابلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان ياسىن ھاجى خۇدا بەردى ئاتۇشتا تۇغۇلغان بولۇپ، 1939 ـ يىلى ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. 1980 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ رايونىمىز ئەدەبىي مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

شۇنداق قىلسىڭىز، « تاما ـ تاما كۆل بولۇر » دېگەندەك، قېرىغاندا خېلى كۆپ مەبلەغكە ئىگە بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭ بىلەن قېرىغاندا مەلۇم خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيسىز.

يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، تاپقان مال ـ مۈلكىڭىزنى ئەجىلىڭىزدىن بۇرۇن ( بۇنى ھېچكىم ئالدىن بىلمەيسىمۇ ) پەرزەنتلىرىڭىزگە بۆلۈپ بېرىۋەتمەڭ. شۇنداق كۈنلەر كېلىپ « ئوغلۇم يەپ ئوۋغا چىقتى، قىزىم يەپ قىرغا » بولۇپ قالغاندا پۇشايمانغا قالىسىز. تۆۋەندىكى ھېكايەت سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

*بۇرۇن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەنىكەن، ئۇلار ياشانغاندا « بىزگە ئەمدى پۇل ـ مال-نىڭ نېمە كېرىكى؟ بىزنىڭ ئىككى پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى، بىز ئاخىرەتنىڭ تەي-يارلىقىنى قىلىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتسەكلا بولىدى »، دەپ، قولىدىكى پۇل ـ مالنى بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ كويىدا يۈر-گەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بىچارە ئاتا ـ ئانا ئاش ـ نانغا زار بولۇپ كوچىغا چىقىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەجىلىدىن بۇرۇن پۇل ـ ماللىرىنى تەقسىم قى-لىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ.*

قېرىغاندا بۇنداق قاتتىق كۈنگە قېلىشتىن ئاللاتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

قېرىغاندا پىخسىق، بېخىل بولماڭ. بۇنداق قىلسىڭىز، تۇرمۇش يولىڭىز مۈشكۈللىشىدۇ، پىكىر ـ خىيالىڭىز پۇل ـ مال يىغىشتا بولۇپ ئۆزىڭىزمۇ يەپ ـ ئىچىپ كىيمىسىڭىز، پەرزەنتىڭىزنىڭمۇ يەپ ـ ئىچىپ كىيىشىگە چىدىمىسىڭىز، سىزگە « نان يېمەس پىخسىق » لەقەم قويۇلىدۇ. پەرزەنتىڭىزمۇ سىزدىن بىزار بولىدۇ. بېخىللىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكىن، تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

*بىر ئادەم ئۆز ئۆيىدە ئايالى بىلەن قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرسا، ئىشىك ئالدىغا بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە سوراپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قوپاللىق بىلەن تىلەمچىنى قوغلىۋېتىپتۇ.*



سەلەي سۇناي

( 1992 — 1906 )

پېيزاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان مەشھۇر سۇنايچى سەلەي سۇناي داڭلىق خەلق سەنئەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ـ سۇناي چې-لىشتىكى داڭقى يىراق ـ يې-قىنلارغا تارالغان. ئۇ كېيىنچە يالغۇز سۇنايچىلا ئەمەس، بەل-كى قولىغا چىققانلا چالغۇنى سايرىۋېتىدىغان « بىرگە ما-ھىر، كۆپكە قادىر » سەنئەتكار بولۇپ تونۇلغان. تۆھپە ئۇن-تۇلمايدۇ، ئەجىر يەردە قالماي-دۇ. مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى سەلەي سۇنايىنىڭ نامى خەلق ئېغىزىدا داۋاملىق ھۆرمەتلىنى-مەكتە.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئامىتى كېتىپ قولىدا ھېچنەرسىسى قالماي قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرىدا خوتۇنىنىمۇ باقالماي قويۇۋېتىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تېگىپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئەر ـ خوتۇن ئۆز ئۆيىدە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرسا، بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە تىلەپتۇ. ئەر بىر نانىنىڭ ئۈستىگە تولدۇرۇپ توخۇ گۆشى ئېلىپ خوتۇنىغا ئۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنى تىلەمچىگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايال ئۇنى ئېلىپ چىقىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ ـ دە، يىغلىغىنىچە قايتىپ كىرىپتۇ. ئېرى خوتۇنىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، ئايال بۇ كەلگەن تىلەمچىنىڭ ئۇزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېرى ئايالىغا:

— بۇرۇن شۇ ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭلار تاماق يەپ ئولتۇرغان چېغىڭلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان كىشى مەن ئىدىم. ئېرىڭنىڭ بېخىللىقىدىن زامان ئۇنىڭغا شۇنداق مۇكاپات بەردى، — دەپتۇ.

قېرىغاندا پاكىز، ساددا كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭىزنى ۋاقتىدا ئېلىپ، ياسىنىپ تۇرۇڭ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭىز ئاش ـ تاماق يۇقى، چېكىلىشىپ چاڭگىدەك بولۇپ كەتكەن ھالەتتە يۈرمەڭ. مۇمكىن بولسا شارائىت يارىتىپ ئۆيىڭىزدە ياكى ئاممىۋى مۇنچىلاردا پات ـ پات يۇيۇنۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭىزنى تاراپ، تىرناقلىرىڭىزنى ئېلىپ يۈرۈڭ.

ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىمىڭىز بىلەن مېھماندارچىلىقتا، مەسچىتلەرگە بارماڭ. بۇنداق سورۇنلارغا بارغاندا كىيىمىڭىزنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ، چۈنكى پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

« ئادەمگە لىباس، ئېشەككە توقۇم » دېگەندەك، ئۆزىڭىزگە يارىشىدىغان، قېرىلىقىڭىزغا سالاپەت قوشىدىغان يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىڭ.

قېرىلىق مەزگىلىدە بىر جايدا مۇقىم تۇرمۇش كەچۈرۈڭ، ئىلاجى بار سەپەر خىيالىنى



سەيدۇللام توختى

( 1941 — 2000 )

ئاتاقلىق ئىسكىرىپكا ماھىرى، داڭلىق دراما ئارتىسى، خەلق سۆيىدىغان مەشھۇر ناخشىچى سەيدۇللام توختى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 50 ـ يىللاردىلا « قارا دىيدۇ »، « ئامان بولسۇن »، « كۆز ئۇيقۇدا »، « قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم »... قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇش بىلەن داڭق قازانغان. سەيدۇللام توختىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى سەنئەت بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەتىمىزگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى.



**قۇددۇس غوجامياروف**

**( 1918 — ؟ )**

«نۇزۇگۇم»، «سادىر پالۋان» ناملىق ئوپېرالارنىڭ، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئازادلىق ناخشىسى» قاتارلىق سىمفونىيىلەرنىڭ ئىجادچىسى، سوۋېت ئۇيغۇر كەسپىي مۇزىكا ئاساسىنى سالغۇچى، س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېئانتى قۇددۇس غوجامياروف مىللىي تىياتىرنىڭ بەرپا بولۇشىغا ۋە بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا غايەت زور ھەسسە قوشقانلىقى ۋە بۇ يولدا نۇرغۇن جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغانلىقى بىلەن ئاجايىپ يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەن.

قىلماڭ. چۈنكى، قېرىلىق يەتكەن جىسمىڭىز سەپەر مۇشەققىتىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بىرەر سەۋەب زۆرۈرىيىتى بىلەن باشقا جايغا كۆچسىڭىز، ئۇ يەردە تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم، راھەتتە ئۆتسە شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ، يەنە باشقا جاينى ئارزۇ قىلماڭ. بۇ ھەقتە شەيخ سەئدى مۇنداق دەيدۇ:

*دەمەشىق شەھىرىدىكى مەسچىت - جامەدە بىر توپ دانىشمەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا ئىشىكتىن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى: «قايسىڭلار پارسچە سۆز بىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئولتۇرغانلار ماڭا ئىشارەت قىلدى، مەن ئۇنىڭدىن نېمە ۋەقە بولغىنىنى سورىدىم، ئۇ يىگىت دېدى:*

*— 150 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي ئۆلۈم ئالدىدا ياتىدۇ، پارسچە بىرنەچچە سۆزنى قىلدى. ئەگەر رەنجىمىسىڭىز، بېرىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز، كۆپ مىننەتدار بولاتتۇق.*

*مەن بوۋاينىڭ يېنىغا باردىم، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم. ئۇ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:*

*نەچچە كوشىش ئەتتىم تاپاي دەپ مۇراد،*
*دەرىخا ئەجەل ئۈردى تىغى سىتەم.*
*ئۆتۈپتۇ ئۆمۈر لەززىتى ئاھكىم،*
*نە پايدا يېسەم ئاڭا ھەرقانچە غەم.*

*مەن يېنىمدىكىلەرگە بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى ئەرەبچە تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ھېلىقى بوۋاي شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىن كېتىۋاتقىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ئۇققان ئەرەبلەرمۇ ھەيران بولۇشتى. مەن ئۇ بوۋايغا «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دېدىم، بوۋاي بولسا:*

— بىر چىشىنى يۇلۇۋېلىش ئادەمگە قانچىلىك ئاغرىق ئازابىنى بېرىدۇ، جىسمىمدىن قانىنىڭ چىقىشىنى شۇنىڭدىن قىياس قىل، — دېدى.

مەن تېۋىپ چاقىرىپ داۋالىتايلى دېسەم، بوۋاي نالە قىلىپ تۇرۇپ:

— مىجەز بۇزۇلسا، دورا - دەرماندىن ھېچقانداق پايدا يوق، تېۋىپمۇ ھېچقانداق ئىلاج قىلالمايدۇ، — دېدى.

مانا كۆردىڭىزمۇ، قېرىغاندا ياقا يۇرتتا ئادەملەر سىزنى تونۇمىسا، ھەتتا تىلىڭىزنىمۇ بىلىشمىسە، بۇ نېمىدېگەن ئازابلىنارلىق ئىش - ھە.

قېرىغاندا پىكىر - خىيالىڭىز ئوچۇق چاغدا ۋەسىيەتنامە يېزىپ، سىز كۆز يۇمغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇنتۇماڭ. چۈنكى قېرىلىقنىڭ داۋاسى يوق، ئۆلۈم ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. ئەگەر سىز بۇ ئىشنى ۋاقتىدا پۇختا ئورۇنلاشتۇرمىسىڭىز، مىراسخورلىرىڭىز دەۋا - دەستۇرغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكۈشى؛ ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقى چېچىلىشى مۇمكىن. ئەل ئارىسىدا «ئىرىك دۇنياغا، ئۆلۈك دۇئاغا تويماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ھەقتە مۇنۇ ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

بىر توپ موللا قاراۋۇش (ئادەم ئىسمى — ئا) ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىر ئەمەلدار ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەتنامە يېزىپ، بايلىقىدىن بىزگىمۇ بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجراتقانىكەن، بىراق مەرھۇمنىڭ بالىلىرى ۋەسىيەتنامىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ. ھەممە بايلىقنى ئۆزلىرىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، بىزگە بەرمىدى. بىزنىڭ شۇ ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز» دەپ ئەرز قىلدى.

قاراۋۇش ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرتىپ، دادىسى قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىنى سورىدى. ئۇلار ۋەسىيەتنامىنى بەردى. قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان:

«10 مىڭ تەڭگە پۇلۇمنى بالىلىرىم ۋە موللىلارغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن



پاتەم قۇربان

(1932 — 1998)

«لەيلىگۈل»، «ئاسىگۈل»، «گۈلنايىم»، «يارۇ»، «يارىم خۇمالىق» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئىجراچىسى، كىشىلەر سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن «خۇشناۋا بۇلبۇل» دەپ تەرىپلەيدىغان سەنئەت ئەربابى ۋە ناخشا پېشۋاسى پاتەم قۇربان مەكىت ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقىنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن بېغىشلانغان ئەجرى، مول تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بىز بىلەن مەڭگۈ ياڭرايدۇ.

قالدۇردۇم ، ۋاپاتىمدىن كېيىن مولىلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى بالىلىرىمغا ، قالغىنى مول ـ لىلارغا بېرىلسۇن . »

قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، مولىلاردىن سورىدى :

— سىلەر قانچە تەڭگە تەلەپ قىلىسىلەر ؟

— موللىلار :

— توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلىمىز ، — دېدى .

قاراۋۇش ئۇلارغا :

— مەن ئادىل ھۆكۈم قىلاي . رازى بولامسىلەر ؟ — دېۋىدى ، موللىلار :

— ئەلۋەتتە رازى بولىمىز ، — دېيىشتى .

قاراۋۇش مۇنداق ھۆكۈم قىلدى :

— مەن مۇنداق ھۆكۈم قىلىمەن : ۋەسىيەتنامىدە « موللىلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى بالىلىرىمغا ، قالغىنى موللىلارغا بېرىلسۇن » دېيىلگەن . سىلەر توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلدىڭلار ، ۋەسىيەتنامە بويىچە موللىلار تەلەپ قىلغان توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگە پۇل مەرھۇم ئەمەلدارنىڭ بالىلىرىغا ، قالغان بەش يۈز تەڭگە موللىلارغا تېگىشلىك ، مانا كۆرۈۋاتىسىلەر ، ئەمەلدارنىڭ بالىلىرى كىچىك ، يېتىم بالىلار ، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش ھارام . سىلەر موللىلار ئەلۋەتتە ھارام نەرسىنى يېمەيسىلەر ، شۇنىڭ ئۈچۈن قالغان بەش يۈز تەڭگىمۇ بالىلارغا بېرىلىدۇ ، بۇ ھۆكۈم بولدىمۇ ، تەقسىر موللىلار ، — دېدى قاراۋۇش . موللىلار لام ـ جىم دېيىشەلمەي چىقىپ كېتىشتى .





مۇرات ھەمرايېۋ

( 1983 — 1936 )

ئۇيغۇر ئالىمى مۇر
ھەمرايېۋ ئالمۇتادا تۇغۇلغان
ئۇ ھاياتىدا 300 پارچىدىن ئارت
ماقالە ئېلان قىلغان . « تۈرك
تىللىق ئەدەبىيات ئاتالغۇلىر
نىڭ قىسقىچە لۇغىتى » ،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » ، « سوۋ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » ، « تۈرك
شېئىرىيەت ئاساسلىرى »
تارلىق 20 پارچىگە يېقى
كىتابنى تۈزگەن ۋە يازغا
« بابۇرنامە » ، « مىزانۇل
زان » نىڭ پارچىلىرىنى ھ
موللا بىلال بىن موللا يۇس
نىڭ ئەسەرلىرىنى رۇس
ئۆزبېك تىللىرىدا نە
قىلدۇرۇپ ، سوۋېت ئىتت
قىدا « نازىمى » تەتقى
قىزغىنلىقىنى قوزغىغان

# 11. سىر ساقلاش ئەخلاقى

*بىر يارامىلىق گۆھەرنى يوشۇردى دىل ،*
*لېكىن ئۇنى مىخ بىلەن بەنت ئەيلىدى تىل .*

« كەلىلە ۋە دېمنە » دىن

سىر دېگىنىمىز مەخپىيەتلىك دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا « مەخپىيەتلىك دېگەن نېمە ؟ ئاڭلىماسلىق ھەم دېمەسلىكتۇر » ( ب. گىراسىئەن ) .

كىشىلىك ھاياتتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەخپىيىتى، باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇنداق سىر ـ مەخپىيىتىنى بىلىشكە قىزىقىش ۋە ئۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى ساقلىيالماسلىق « ھالال » لىق ئەمەس، شۇڭا سىر ساقلاش ئەخلاقىغا رىئايە قىلىڭ.

سىز ئەخلاقلىق ئادەم بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىشكە قىزىقماڭ، چۈنكى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن سىز باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە قەرزدار قىلىپ قويىسىز. بۇ سىز ئۈچۈن بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى سىز باشقىلارنىڭ بىرەر يېتەرسىزلىكىنى، ئەيىب ـ نۇقسانىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۇ سىزگە ياخشى كۆزدە قارىمىغىنىدەك ئىش. بۇ ھەقتە بالتاسار گىراسىئەن: « نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئاقىۋەتكە قالغان ئەمەس » دەپ



ئابدۇراخمان مۇھىتى
( 1957 — 1910 )

1932 ـ يىلى قوزغالغان مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ۋە ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپاندا تۇغۇلغان.

ئۇ ھاياتىدا « ئاستانە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » ، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەپ ، شۇ چاغلاردىكى ۋەزىيەت ئۈچۈن تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىغان. خەلقىمىز بۇ ئوغلانىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

بىزنى ئاگاھلاندۇرغان.

باشقىلارنىڭ سىرىنى ساقلاڭ. سىرداش دوستىڭىز سىزنى ئۆز بىلىپ سىزگە ئىشەنىپ، ئۆزىنىڭ سىرىنى سىزگە ئېيتسا، سىز «ئاغزى بوش» لۇق قىلىپ ئۇنى ساقلىيالمىسىڭىز، بۇ ئادىمىگەرچىلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كىشىنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ قىلىشقان سۆھبىتىدىكى گەپلىرى ئامانەتتۇر، سۆھبەت قىلغان كىشىلەر ئاللانىڭ ئامانىتى بىلەن تارقايدۇ، سۆھبەتدىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلىش ھالال بولمايدۇ» دېگەن.

دېمەك، سىز سىرنى پاش قىلىپ قويسىڭىز، بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ، «خىيانەتچى» نىڭ تەقدىرى تۆۋەندىكى ھېكايىدىكى چۇلۇۋۇردارنىڭ تەقدىرىدەك بولىدۇ.

*ئۆتكەن زاماندا بىر پادشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى ھەممەيلەن ئوقيا ئالغان بولۇپ، ھەركىم ئۆز ئىشىغا مەسئۇل ئىكەن.*

*پادشاھ چۇلۇۋۇردارىغا:*

*— مەن سەن بىلەن ئات چاپتۇرىمەن، چۈنكى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مەن مىنگەن ئات يۈگۈرۈكمىكىن ياكى سەن مىنگەن ئات يۈگۈرۈكمىكىن، شۇنى بىر بىلسەم بولاتتى، دېگەن گەپ كۆڭلۈمدە بار ئىدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئاتقا مىنىشىپتۇ.*

*ئۇلار خېلى ئۇزاق چېپىشىپ، شىكارغا بىللە چىققانلاردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، پادشاھ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىتىپتۇ، چۇلۇۋۇردارمۇ توختاپتۇ.*

*— مېنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىمدىكى مەقسىتىم شۇكى، — دەپتۇ پادشاھ چۇلۇۋۇردارغا، — مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈمگە بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالدى، خاس خادىملاردىن ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن، مۇشۇ باھانە بىلەن بۇ سىرنى ساڭا ئېيتماقچى بولغانىدىم. لېكىن، باشقا كىشى ھەرگىز بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولماسلىقى كېرەك.*



**ئىسمايىل ھاجى**

( 1867 — 1950 )

خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكەن تونۇلغان شائىر ۋە ماھىر خەتتات ئىسمايىل ھاجى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن باغلاپ تۇرغۇچى ئەدىبتۇر. گەرچە ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى توپلەپ توپلام قىلىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا «يىغىۋېلىش» قا ئۇچراپ خېلى كۆپ قىسمى نابۇت بولغان ۋە يوقالغان. شۇنداقتىمۇ شائىرنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل مىراسلىرى قاتارىدا سانىلىدۇ.

چۆلۋۇردار شەرتنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەزىم قىلغاچ شۇنداق دەپتۇ:

خۇددى پىنھان بولغانەك تەن ئىچىدە جان،
تۇتارمەن بۇ سىرنى جانىم ئىچرە پىنھان.

ئۇنىڭ سۆزىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى خۇش بوپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆز ئىنىمدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن ماڭا قەست قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئىپنىق سەزدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ماڭا زەرەر يېتىشتىن بۇرۇنراق ئۇنىڭ ۋۇجۇد تېشىنى يولۇمدىن كۆتۈرۈۋېتىش ۋە پەلەك چىمەنلىكىگە ئۇنىڭ ئازار تىكىنىدىن خالاسلىق بېرىشكە ئىرادە باغلىدىم. سەن ھەمىشە مېنى ئاسراشقا ئىپھتىيات قىلىشىڭ لازىم.

چۆلۋۇردار پادىشاھنى ئاسراشقا ۋە سۆزىنى يوشۇرۇشقا ۋەدىلەرنى بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. لېكىن تېخى ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ بىپەرۋالىق قىلىپ مەككارلىق ۋە خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇ بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ پادىشاھنىڭ ئىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن نىسىي ئىلتىپاتلارنى ۋەدە قىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىپتۇ. ئەنە شۇ يوسۇندا ئازغىنا ۋاقىت ئۆتۈپ، زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە پادىشاھنىڭ دۆلەت باھارى خازانغا ئالمىشىپتۇ ـ دە، تەخت خالىي قاپتۇ. خالايىقلار شاھزادىنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئۇ تەختكە چىققان كۈنىلا چۆلۋۇردارنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىپتۇ، بىچارە چۆلۋۇردار ناھايىتى كۆپ زارلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:



ئايخان ئانا

( 1888 — 1942 )

1933 ـ، 1934 ـ يىللى
رى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ
غۇلجا شەھىرىدە مەخسۇس بې
تىم باللار ئۈچۈن « غۇلجا
خەيرىيە مەكتىپى » سالغان.
كېيىنچە بۇ مەكتەپ « ئايخان
مەكتىپى » دەپ ئاتالغان. بۇ
مەكتەپنىڭ تەسىرى ئىلى تە
ۋەسىدە ناھايىتى چوڭ بولغان.
بۇ مەكتەپ ئاتمىش يىلغا يې
قىن ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنىڭ
رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىل
دۇرۇپ كەلمەكتە. ئايخان ئا
نىمۇ ئەۋلادلىرى قەلبىدە
چوڭقۇر يادلانماقتا.

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئىخلاس ۋە تەرەپدارلىقتىن باشقا گۇناھىم يوق ئىدى، پادىشاھىم!

— كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويۇشتىنمۇ چوڭ گۇناھ بولامدۇ؟ — دەپتۇ يېڭى پادىشاھ، — ئاكام پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرى ئىچىدىن يالغۇز سېنى ئۆز سىرىغا مەھرەم قىلغانىدى، لېكىن سەن ئۇنى ئاشكارىلىدىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ساڭا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

بىۋاپا دوست بىلەن بىللە بولغاندىن كۆرە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن مىڭ ھەسسە ياخشى.

بۇ ھېكايىدىن شۇنى بىلىش تەس ئەمەسكى، سىرنى پاش قىلىش ئەلمىساقتىن تارتىپ لەنەت نەپرەتلىك، «بولۇپمۇ دوستلار ئارا ئىچ سىرىنى ئاشكارىلاش دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك ئىشتۇر».

ئەگەر سىرنى ئېيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، سىر ئېيتقۇچىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئۇ قوبۇل كۆرسە ئاندىن ئېيتىڭ. بۇنداق ئەھۋالدا ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولمايسىز ھەم بىۋاپا ئاتاققا قالمايسىز.

يەنە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىرىڭىزنى ئىلاجى بار باشقىلارغا ئېيتماڭ، ئۆزىڭىز ساقلىيالمىغان سىرىڭىزنى باشقىلارنىڭ ساقلىيالىشى ناتايىن.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئىسكەندەر ئۆزىگە يېقىن كىشىلەردىن بىرىگە كۆڭلىدە يوشۇرۇپ يۈرگەن بىر سىرىنى ئېيتىپ ئۇنى ئاشكارىلىماسلىقنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىكەن، لېكىن ئۇ ئىسكەندەرنىڭ سىرىنى ساقلىيالماي ئىچى پۇشۇپ بىر دوستىغا ئېيتىپتۇ. دوستى بىر كىشىگە، ئۇ كىشى يەنە بىر كىشىگە ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سىر ئەل ئارىسىغا يېيىلىپتۇ.

سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىسكەندەر ئۇستازى ئارستوتېلغا :



ئۇسمان ئابدۇۋايىت

( 1935 — 2004 )

« گۈلنىسا »، « يالغۇز قىز » قاتارلىق دراممىلاردا، « ھۆرزۆن »، « مەستىنىڭ خىيالى »، « باغاق »، « كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ » قاتارلىق ئېتۇت، ئېپىزوتلاردا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىقتىدارلىق سەنئەتكار ئۇسمان ئابدۇۋايىت ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەتكارلار سېپىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

— ئۇستازىم، كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلغانغا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟ مەن بىر كىشىگە سىرىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ كىشى سىرىمنى ساقلىيالماي ئاشكارا قىلغان، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا جازا بەرمەكچىمەن، سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ. ئارستوتېل ئىس-كەندەرگە:

— جازا بېرىشكە ھەققىڭ يوق. ئۆزۈڭ ئەيىبلىكسەن، سىرىڭنى ئۆزۈڭ ساقلىيالماي قېنىڭ تېشىپ كېتىپ بىرسىگە ئاشكارا قىپسەن، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرنى باشقا كىشى قانداق ساقلىيالسۇن؟! — دەپتۇ.

سىرنى پاش قىلىش چوڭ ئەيىب بولسىمۇ، شۇ سىرنىڭ قانداقلىقىغا قاراش بەكمۇ مۇھىم. سىز ئېيتماقچى بولغان سىر خەلقنىڭ مەنپەئەتى، باشقىلارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بولسا، بۇ سىرنى ئاشكارىلاش ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى، بۇنداق چاغدا سىرنى پىنھان تۇتۇش يامانغا شېرىكلىك قىلغانلىق بولىدۇ.

سىرىڭنى بايان ئەيلە، مەن سىرىڭغا ھەمدەممەن،
نازىڭنى نېرى تاشلا، مەن ئۆمرۈڭدە بەردەممەن.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن



ئاكا ـ ئۇكا بايلار

ھۈسەيىنباي 1844 ـ يىلى، باۋۇدۇنباي 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇلار 1909 ـ يىلى شىنجاڭدا خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى تۇنجى زاۋۇتنى قۇرغان. ئۈچ قارار تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، «ئايال-لار قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپى» ئېچىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى تارىخىدا بۆسۈش ھاسىل قىلغان. سودىسىنى چەت ئەللەرگە قەدەر كېڭەيتىپ ئۇيغۇر سودىسىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان.

ئۇلار مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتلار بولۇپ، ھېلىغىچە خەلق ئېغىزىدا ھۆرمەت بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

# 12 . قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئەخلاقى

*دۇنيادىن بەخت ـ سائادەت ئىزدىسەڭ ، قېرىنداشلىرىڭنىڭ دىدارىغا باق .*

خۇسراۋ دېھلەۋى

ئاتا ـ ئانىمىزدىن قالسىلا قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار سىز ھۆرمەتلەشكە، خىزمىتىدە بولۇشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا سىز ئۇلار بىلەن ئارىلاشقاندا، مۇئامىلە قىلغاندا، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئەخلاقىغا رىئايە قىلمىغىمىز زۆرۈر.

دۇنيادا ئۇرۇق ـ تۇغقانسىز ئادەم بولمايدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانسىز تۇرمۇشمۇ مەنىلىك بولمايدۇ، شۇڭا سىز بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭىزنى، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تۇغقانلىرىنى ئاتا ـ ئانىمىزغا ئوخشاش ھۆرمەتلەڭ، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈڭ، ئاتا ـ ئانىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇڭ. ئۇلارنى رەنجىتىشتىن، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەدەپسىزلىك قىلىشتىن، كۆڭلى قالىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاتا ـ ئاناڭغا، قىز بىر تۇغقىنىڭغا، ئوغۇل بىر تۇغقىنىڭغا، ئۇنىڭدىن كېيىن( دوستلۇق ۋە مۇناسىۋەتتە ) ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرگە ياخشىلىق قىل » دېگەن.

قېرىنداش ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز كېسەل بولسا يوقلاڭ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، قىيىنچىلىققا يولۇقسا، قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىڭ. ئەگەر ئۇلار



مۇھەممەد ئېلى شائىخەي

( 1952 — 1870 )

مۇھەممەد ئېلى ھاجىم شائىخەي بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شائىخەيدە سودا سارايى قۇرغان تۇنجى ئۇيغۇر سودىگەردۇر. ئۇنىڭ شائىخەي، فۇجۇلاردا قۇرغان سودا سارىيى 100 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار چۈشىدىغان سارايى بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ھېلىھەم ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇ تۈركىيە، ياپونىيە بىلەن سودا قىلغانلىقى ئۈچۈن 1950 ـ يىلى « چەت ئەل جاسۇسى » دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ 15 يىللىق كېسىلىپ كەتكەن ۋە ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەي ۋاپات بولغان.

مۇسىبەتلىك بولسا ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىڭ. ھېيت ـ ئايەملەردە ئۇلارنى يوقلاڭ، پەرزەنتىڭىزنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ، تۇغقانلىق رىشتىسىنى چىڭىتىپ تۇرۇڭ، قېرىنداش تۇغقانلارنى يوقلىغاندا ئامال بار سوۋغا ـ سالام ئالغاچ بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇماڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « نەسەب ـ زاتىڭلارنى ( ئەجداد ۋە ئەۋلادىڭلارنى ) ياخشى تونۇۋېلىڭلار ، بۇ ، قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ياخشى بولۇشىغا پايدىلىق . ئۆزى يېقىن تۇرغىنى بىلەن ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم بولمىسا ، ئۇنىڭ يېقىنلىقىدىن پايدا يوق . ئۆزى يىراق بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە سىلە رەھىم، ئادىمىگەرچىلىكى ياخشى بولسا، يىراقلىقىنىڭ زىيىنى يوق » دېگەنىكەن.

قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاشتىمۇ ئىلمىيلىككە دىققەت قىلىڭ، يەنى بۇگۈنى بىرسى بارسا، ئەتىسى بىرسى بېرىپ ئۇلارنىڭ خىزمەت ، تۇرمۇش ، دەم ئېلىش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمەڭ. بۇ ھەقتە بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى مىسال كەلتۈرىمىز:

چوڭ شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر ئائىلىنىڭ تۇغقانلىرى، تۇغقانلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، تۇغقانلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىراق يېزا قىشلاقلاردىن شەھەرگە كەلگەندە، ئۇنى يوقلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغانلار كۆپىيىپ ئارقا ـ ئارقىدىن مېھمان بولۇشقان، نەتىجىدە ئۇ ئائىلە ئۇلارنى يېقىش ۋە كۈتۈش، قايتىش بېلىتى ئېلىش، كېسەل بولۇپ كەلسە دوختۇرخانىغا بىللە ئاپىرىپ كۆرسىتىش بىلەن بەنت بولۇپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكەن. ماڭاشى ئايدىن ـ ئايغا يېتىشمەي تويلۇق زىبۇ زىننەتلىرىنى سېتىشقان، ھەتتا ئىشىكنى تاقاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

بۇ خىلدىكى تۇغقان يوقلاش ھەقىقەتەن كىشىنى بىزار قىلىدۇ، بۇنى تۇغقانلارنى يوقلاش دېگەندىن كۆرە تۇغقانلارغا قىلىنغان بىشەملىك دېگەن تۈزۈك. يەنە بىر تەرەپتىن،



غېنى ھارۋىكەش

( 1964 ـــ 1885 )

غېنى ھارۋىكەش يار.كەنتتە تۇغۇلغان. ئۇ داسىدىن كىچىكلا يېتىم قېلىپ، پۇل تېپىپ بېيىغاندىن كېيىن قازاقىستاندا بىر ئۇيغۇر مەكتىپى ئاچقان. ئۆزۈن ئۆتمەي غۇلجىغا كېلىپ 1919 ـ يىلى 15 مو يەر سېتىۋېلىپ « روشەن » نامىدىكى پەننىي مەكتەپنى سالغان. 1976 ـ يىلى بۇ مەكتەپ غۇلجا شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ « روشەن » مەكتەپ ۋە 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ تەسىس قىلىندى. مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن خەلقنىڭ ئەلسۆيەر ئوغلانى غېنى ھارۋىكەش خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

توغقانلىقىنى باھانە قىلىپ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقتۇر.

قېرىنداش، ئۇرۇق تۇغقانلار ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تارقىتىشتىن ساقلىنىڭ. ئازراق ئىشلار ئۈچۈن رەنجىپ، قېيداپ يۈرمەڭ، ئاداۋەت ساقلىماڭ. ئاداۋەتنى دەپ قېرىنداش، ئۇرۇق تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈۋەتمەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە قېرىنداشلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇش ساۋابى تېز تېگىدىغان خەيرلىك ئىشلاردۇر. زۇلۇم ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىش بولسا، جازاسى تېز بىلىنىدىغان يامان ئىشلاردۇر» دېگەن.

قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مۇئامىلىدە ئۇچۇق ـ يورۇق بولۇڭ، ئىقتىسادىي مۇئامىلە بولسا، ھېساب ـ كىتابتا ئېنىق بولۇشقا دىققەت قىلىڭ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ھېكمەتلىرى بار. قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش، ئۇلارنىڭ سايىسىدە سايراش ئويىدا بولماڭ. تۇغقىنىمتى، ئېغىرىمنى كۆتۈرىدۇ، دەپ ئۇلارغا ئېغىرىڭىزنى سالماڭ.

پەرزەنتىڭىزگە قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز ئارىسىدىكى چوڭلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلگە پايدىلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ. ئۇلارغا ئەجدادىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ خەلققە پايدىلىق ئىش ـ پائالىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆگىتىڭ. دېمەك، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئۇچۇق ـ يورۇق مۇئامىلە سىزنى ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىڭىز تىرىكلىكىدە سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ، باقى ئالەمدە بولسا روھى سىزدىن خۇشال بولىدۇ.



سىراجىدىن زۇپەر

( 1993 — 1917 )

تونجى ئەۋلاد تىياتىر رېژىسسورى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تەسىرى چوڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى سىراجىدىن زۇپەر تورپاندا تۇغۇلغان. ئۇ «كۆرەش قىزى»، «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «يالقۇنتاغ غېزىپى»، «كۆرەش يولى»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى درامىلارنى سەھنىلەشتۈرۈشكە رېژىسسورلۇق قىلىپ كەلگ. ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

# 13 . قۇدىلارنىڭ ئەخلاقى

*قۇدا ـ باجىلىق مەدەنىيەتتىنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نازۇك ئالاقە تورى .*

ئا. مۇھەممەتئىمىن

« كونىلار خۇدادىن قورقمىساڭمۇ قۇداڭدىن قورق » دېيىشىدۇ. بۇ قۇدىلىقنىڭ يۇ.
ـىرى ئالاڭ، ئەدەپ، مۇناسىۋەت قائىدىسى ۋە سەنئىتىنى تەلەپ قىلىدىغان نازۇك مۇناسىۋەت
ـنكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ). شۇڭا قۇدىلار ئارا قۇدا ـ باجىلىق
نازۇك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا قۇدىلارنىڭ ئەخلاقى ئىنتايىن مۇھىم.

قۇدىلار ئۆزئارا ھۆرمەتلەرنى ئادەت قىلىشى لازىم. قۇدىلىق مىجەز ـ خۇلق، تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاشمايدىغان ئائىلىلەر « پەرزەنت قىممەتلىك تۆھپە » ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ) مەۋجۇتلۇقىدا بارلىققا كەلگەن تۇغقانچىلىق بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئۆزئارا ھۆرمەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي ئورنىڭىزنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنىڭ ئوخشاشماسلىقى بۇ خىل ھۆرمەتكە توسالغۇ بولماسلىقى، ئۆزئارا يۇقىرى تۆۋەنلىك ئويىدا بولماسلىقىڭىز كېرەك.

قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئەپ ئۆتۈشىدە ئاياللارنىڭ رولى چوڭ، يەنى « قۇدا ـ باجىلىقنىڭ نازۇك ھالقىسى ئاياللار قولىدا » ( ئا. مۇھەممەتئىمىن ) قۇدىلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈشىدە، ئائىلىنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇشىدا كېلىن، قېينانا ۋە ئايال



ئەھمەتشاھ قاراقاشى
( 1828 — 1740 )

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، خەلق ئاغزىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر « ئات قىسسىسى »، « مېۋىلەر مۇنازىرىسى » قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى، يىتۇك ساتىرىك شائىر، ھەجۋىي ئەدەبىياتنىڭ پېشۋاسى ئەھمەتشاھ قاراقاشى قاراقاش ناھىيىسىدە ياشاپ ئۆتكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە كۆپ يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما شائىرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى مۇقەددەستۇر.

قۇدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەلۇمكى، ئېگىز ـ پەس گەپ ۋە تالاش ـ تارتىش بولمايدىغان ئائىلە يوق. ئادەتتە بەزى قىلىقسىز كېلىنلەر بۇنداق ئىشلارنى ئاشۇرۇپ، كۆپتۈرۈپ ئاتا ـ ئانىلىرىغا توشۇيدۇ. ئۇلارنى دەيدەيگە سالىدۇ، ئوتتۇرىدا سوغۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا باردى ـ كەلدى ئازلاپ، ئۆزئارا ھۆرمەتمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلا چىقىدۇ. يەنە بەزى ئايال قۇدىلار ئېغىزىدا «ۋاي قۇدام» دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە پالان ـ پۇستانەي دەپ ئويلايدۇ. ئېغىزىدا كۆتۈرۈپ كۆڭلىدە ئەكسىچە ئويلايدۇ، شۇ ئارقىلىق قۇدىلار ئارىسىغا كىر سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بالىلىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

شۇڭا، تىلىمىز بىلەن دىلىمىز بىر بولۇشى، ئېغىزدا قىلغان ھۆرمىتىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز لازىم.

قۇدىلار ئارا ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا قورساقنى كەڭ تۇتۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قۇدىڭىز خىجىل بولىدۇ ـ دە، ئارىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قورسىقىڭىزنى كەڭ تۇتماي ئارىدىكى گەپ ـ سۆزگە ئېشىنىپ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن ئويدا بولسىڭىز، ئارىدىكى ئاداۋەت ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ھەمدە چوڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەل ئارىسىدا «قۇدىلار پىچاقنىڭ بىسىدا ئولتۇرىدۇ» دېگەن سۆز بار، بۇ باشتا زىكرى قىلغىنىمىزدەك قۇدىلىق مۇناسىۋەتنىڭ نازۇكلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «سەندىن قالارمەنمۇ؟» نىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىشى، شۇڭا قۇدىلار ئارا كەڭ قورساق، مەرد بولۇپ ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى توغرا بىر تەرەپ قىلىڭ، ھەرگىز تۇگۈنچەك تۇگۈۋالماڭ. بالىلىرىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى بىلىڭ. بۇ ھەقتە بىرسى ئېيتىپ بەرگەن مۇنداق بىر مىسالنى كۆرسىتىمىز.



ئابدۇكېرىم مەخمۇتوف

(1921 — 1996)

ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلى ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتايغا سۈرگۈن قىلىنغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان، كېيىن جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىدە ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1996 ـ يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.



نىساخان

( 1903 — 1987 )

ئۇن ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان نىساخان ئانىسىغا ئەگىشىپ سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئانىسى بىلەن دۇتار، تەمبۇر چېلىپ «كاككۇك ناخشىسى»، «يۈرىكىم چاك - چاك بولدى» دېگەن ناخشىلارنى خەلق ئىچىگە تارقاتقان. ئۇ يەنە «جوزا ئۇسسۇلى» بىلەن داڭق قازانغان. 200 يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولغان «مەرەمخان» داستانى ئۇنىڭ دۇتارىدا تېخىمۇ كامالەتكە يەتكەن. تونۇلغان غەزەلخان، خەلق سەنئەتكارى نىساخان سەنئەت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان.

مەنمۇ قۇدىلىق ئادەم. بىر قېتىم چوڭ قىزىم قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئىككى كۈن ئولتۇردى. مەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن، ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۆيىگە قايتمىدى. مەن ئانىسىدىن قىزىمنىڭ نېمىشقا قايتمىغانلىقىنى سورىدىم. ئانىسى قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇمنىڭ گەپ تالىشىپ قېلىپ، كۈيئوغلىمىزنىڭ قىزىمنى بىر تەستەك ئۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قىزىمغا تەسەللى بېرىپ كەچقۇرۇنلۇقى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ چىقتىم. قىزىمنى ئەگەشتۇرۇپ چىققانلىقىمنى كۆرگەن كۈيئوغلۇم خىجىللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ قىزىمنى قالدۇرۇپ قايتىپ كىردىم. ئەسلىدە قىزىمنىڭ يامانلاپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان قۇدىلار «ئەمدى قانداقمۇ قۇدىلارنىڭ يۈزىگە قارارمىز» دەپ خىجىل بولۇشۇپ تۇرۇشقانىكەن، مېنىڭ قەمىنى ئېلىپ چىقىپ قويغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇشۇپ بېشىدىن بىر تاغنى تىكمۈتكەندەك بولۇشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، باللىرىمۇ بىزدىن خاتىرجەم بولدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا ھالى چوڭلۇق قىلىپ «بالىمىزنى نېمىشقا ئۇرىدىكەن» دېيىشكەن بولساق، ئەپۇ قىلمىغان، قورسىقىمىزنى كەڭ تۇتمىغان بولساق، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، مۇناسىۋىتىمىزگە دەز كەتكەن بولار ئىدى.

قۇدىلار ئارا ئادەمگەرچىلىك، داستىخان سېلىش ئىشلىرىدا ئۇنداق - مۇنداق ئىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا «بىز ئۇنى قىلغان، قۇدام بۇنى قىلمىدى، ھۆرمىتىمىزنى قىلمىدى، قۇدىلىقتا يارىمىدى» دەپ ئېگىز - پەس گەپ تاپماڭ.

بۇنداق قىلسىڭىز، كېلىن باللارنى تەڭلىكتە قويىسىز، قۇدىلىق مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈۋالىسىز، داستىخان سېلىش ئىشىدا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن. قوشنىمىزنىڭ قۇدىلىرىدىن بىرى ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ قىز كۆرۈپتۇ. قىزمۇ ئوغۇلغا يېقىپ قاپتۇ. ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولغانلار ئۈچ - تۆتچە مېھمان ئېلىپ قىزغا چاي ئېچۈرۈشكە

بېرىپتۇ. داستىخان سېلىنىپ نان ـ پان، چاي ـ پايلار قويۇلۇپ، تاماقلار تارتىلىپ چاي ئىچۇرۇش ئاياغلىشىپ قالىتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ تويىنى قىلماس بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقساق قىز تەرەپنىڭ ياققان ياغلىق توقىچى كىچىك، داستىخان سېلىشى يارىمىغانمىش.

مانا قاراڭ، بۇ بىر باھانە بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن جەمئىيەتتە بۇنداق ئىشلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلار شۇ سەۋەبنى كۆرسىتىشمىگەن بولسا، ئوغلى ياقتۇرغان بىر قىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋالغان بولاتتى. بىر ئائىلىنىڭ قۇدا بولۇشقا مۇناسىپ ياكى ئەمەسلىكىنى ياققان ياغلىق توقىچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، داستىخىنىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش ئەمەس، شۇ ئائىلىنىڭ پەزىلىتىگە، ھالال ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا، بالىلىرىنىڭ تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق ئىكەنلىكىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك ئىدى، ئەپسۇس... !

توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا ھۆرمىتىم چوڭ بولىدۇ، دەپ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرماي قۇدىلىرىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىڭ، مېھمان كۈتۈڭ، قولىغا سۇ قۇيۇڭ، داستىخان سېلىڭ، تاماق توشۇڭ، قايغۇ ھەم خۇشاللىقىغا ھەمدەمدە بولۇڭ...

ئەگەر قۇدىلار بىرلىكتە بىرەر جامائەت سورۇنىغا بېرىپ قالسىڭىز، تۆر تالاشماي، تۆرنى قۇدىڭىزغا ئۆتۈنۈڭ، تۆر تالىشىپ ھايۋاننىڭ يول تالاشقىنىدەك ئىشنى قىلماڭ. ھۆرمىتىڭىز تۆردە ئولتۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك پەزىلىتىڭىز بىلەندۇر.

*دەۋران ئېلىنىڭ جىسمىدە ھەم جان بولغىن،*
*ھەم جانلىرىغا ئۆزۈڭ دەرمان بولغىن.*

ـ ئەلىشىر نەۋائى



ئابدۇۋېلى جارۇللايوف
( 1998 ـــ 1910 )

ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى، دراما ئارتىسى ئابدۇۋېلى جارۇللايوف غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر سەنئەتكاردۇر. ئۇنىڭ « غېرىب ـ سەنەم » دە غېرىب، « پەرھاد ـ شېرىن » دا پەرھات، « لەيلى ـ مەجنۇن» دا مەجنۇن، « نۇزۇگۇم» دا باقەم، « غۇنچەم» دە نۇرۇم بولۇپ ئوينىغان روللىرى ئەينى يىللاردا زور تەسىر قوزغىغان. ئابدۇۋېلى جارۇللايوف يەنە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇشتىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە 12 مۇقامنى لېنتىغا ئېلىشتىكى تۆھپىسى بىلەنمۇ ئەۋلادلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

# سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز

## ئىنسانلىقنىڭ ئالىي بەلگىسى

بىر شائىر دوستلىرىغا يازغان خېتىنىڭ بېشىدا: « يۈزلىرى پەلەك گۈمبىزىدە ئۇلۇغلانمىش ئايغا ئوخشاش، ئۆزلىرى دېڭىزدىكى ئەڭ قىممەت باھا دۇرغا باراۋەر دوستلارغا سالام » دەپ يېزىپ، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، ھەرقانداق مېھمان ـ ساھىبخانىلىق ئالاقىلىرى ئەنە شۇ سالام ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىشتىن باشلىنىدۇ.

سالام — ئىلىك تارازىسىدىكى شۇنداق بىر نېمەتكى، ئۇنى پەقەت ھۆرمەت تېشى بىلەنلا ئۆلچەش مۇمكىن. سالاملىشىش، ئەھۋال سورىشىش، كۆرۈشۈش ئىنسانغا خاس بولغان ئاجايىپ پەزىلەت، ئىنسانلىقنىڭ كۆرىكى، كىشىلەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا يېتىلدۈرگەن ئۆزئارا ئالاقە پرىنسىپى، ئەخلاقىي قىياپەتلىرىدىكى نامىلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

**قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ تارىخى** قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە باشلانغانلىقىنى ئارخېئولوگلار مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: ئىپتىدائىي ئادەملەر بىر ـ بىرىگە دۇچ كەلگەندە: « مەن سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسمەن، مانا قارا،



روزى تەمبۇر

( 1957 — 1900 )

ئىلى رايونىدا تۇنجى بولۇپ مۇقام نەغمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاھاڭ ئىشلەپ، خەلق داستانلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، داڭلىق تەمبۇر ئۇستازى روزى تەمبۇر ئىلىدىن چىققان تەڭدىشى يوق مۇزىكانت. ئۇ 12 مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش جەھەتتىمۇ ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇ لېنتىغا بەرگەن 12 مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر.

قولۇمدا تاش يوق » دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرگەن، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئەنە شۇنىڭدىن قالغان بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق خەلققە خاس ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتى، ئۆزىگە خاس شارائىتى ۋە ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىياتى سەۋەبىدىن سالاملىشىشنىڭ يەنە باشقىچە شەكىللىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ياۋروپادىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆرۈشۈش ۋاقتىدا باش كىيىمىنى ئېلىپ كىيىپ قويۇشىنىڭ مەنىسى: مەن ساڭا دوست بولىمەن، بېشىمغا توقماق بىلەن ئۇرمايدىغانسەن، دېگەنلىكتۇر. فېئودالىزم دەۋرىدە ياۋروپا كىنەزلىك ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولغان. بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمى ئىككىنچى بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمىگە يولۇققاندا، ئارقىسىدىن كېلىپ بېشىغا توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ ياكى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويغان. زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمى يەنە بىر كىنەزلىككە بارماقچى بولسا، بېشىغا مېتال قالپاق كىيىپ بارغان. ھازىر بۇ، باش كىيىمنى ئېلىش ئۆز ئادىمىڭ بولغىنىم ئۈچۈن خاتىرجەم يۈرۈۋاتىمەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھىندىستانلىقلار كۆرۈشكەندە ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزۈپ « نەمەشە » دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: « باش ئامان بولسا، ھەمىشە بىز بىلەن بىرگە بولالايسىز » دېگەنلىكتۇر.

ئاۋغانلار بولسا، ئوڭ قولىنى مەڭزىگە تەگكۈزۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشىدۇ. بۇمۇ: « بېشىمىز ئامان بولسۇن » دېگەن ئىستەكنى بىلدۈرۈشتۇر.

تىبەتلىكلەر سالاملاشقاندا بىر ـ بىرىگە قاراپ تىللىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىشىدۇ. چۈنكى تىبەتلىكلەردە كىشىگە قاراپ تىلىنى چىقىرىش ئۆزىگە خاس نازاكەت، ئاددىي ھەرى-



ئابدۇللا داموللام

( 1888 — 1975 )

تېۋىپ، ھۆكۈما ئابدۇللا داموللام خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. راۋۇلپىندى، كاراچى، دېھلى، بومباي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ دىنىي بىلىم ئالغان. قەشقەردە ئوقۇغىنى ئۈچۈن « داموللا »، ھىندىستاندا ئوقۇغىنى ئۈچۈن « مەۋلىۋى » دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىنى ئاۋۋال مۇدەررىسلىك، ئاندىن تېبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە چەت تىللاردىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ دەرس ئۆتكەن. 1975 ـ يىلى 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

كەتتىكى زىننەت قارالغاچقا، بۇنداق سالاملىشىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ھۆرمەتلىك مېھمان ۋە ساھىبخان، بىلىپ قويۇڭكى، بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە سالاملىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىش شۇ كىشىنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىكى، خۇلق ـ مىجەزى، ئادىمىلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ دەسلەپكى بېشارىتىدۇر. مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن كىشى مېھمانغا بارغاندىلا ئەمەس، ئومۇمەن تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئۇچراتقاندىمۇ سەممىي سالاملىشىشنى، ھال ـ ئەھۋال سورىشىشنى پەرز ھېسابلايدۇ، سالامنى ئىلىك ئېلىشنى بولسا قەرز ھېسابلايدۇ. ئىش پۈتكۈچە سالام ـ سەھەتنى تولۇق، قويۇق قىلىپ، مەقسىتى ھەل بولغاندىن كېيىن «ئىشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتسە قۇلىقى نەزىر» دەپ تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەر يۈزسىز، ئەدەپسىز كىشىلەردۇر. ئادەملەرگە سالام بېرىشنى، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت قىلىشنى ئۆگەتمەيدىغان بىرمۇ ئائىلە يوق. بۇ ئەدەپ ئەسلى ۋە مەكتەپلەردىمۇ ئۆگىتىلىدۇ. دەرسخانىغا مۇئەللىم كىرىش بىلەن تەڭ ئوقۇغۇچىلار «گۇررىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئەسكەر يىگىت كوماندىرنى كۆرگەندە چاس بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇلار زۆرۈرىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەدەپ ۋە ھۆرمەتنىڭ بەلگىلىرىدۇر ۋە سالاملىشىشنىڭ كەسىپكە خاس شەكىللىرىدۇر.

بىراۋغا خەت يازساق گېپىنى سالامدىن باشلايمىز. كوچىغا چىققاندا ئۇچرىغان كىشىلەرگە سالام بېرىپ ئۆتىمىز. دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق توختاپ ئەھۋال سورىشىمىز. ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى خىزمەتداشلار بىلەن ئۆزئارا سالاملىشىمىز ۋە سالامنى ئىلىك ئالىمىز. دېمەك، ھەر بىرىمىز ھەر كۈندە ئونلارچە ۋە يۈزلەرچە ئادەم بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ ئۆتىمىز. سالام تۇرمۇش ئىسمىلىك كىتابنىڭ سەرلەۋھەسىدۇر. مەلۇمكى، سەرلەۋھە بىلەن تونۇشقاندىلا كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىش مۇمكىن.



تۇردى ھاجى

( 1863 — 1987 )

124 يىل ئۆمۈر كۆرگەن تۇردى ھاجى لوپ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆمرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ يۈكسىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان. ئۇ 90 يىللىق تېبابەتچىلىك ھاياتىدىن ئېگىلىگەن مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا ئۇسخىلىرى» ناملىق كىتابنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن.

## سالام بېرىلمەيدىغان پەيتلەر

تونۇش بولسىمۇ، ئەخلاقنى ساقلىمىغان، جامائەت تەرتىپىنى بۇزغان، بەتقىلىق، ئادىمگەرچىلىكتىن چىققان، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن شەخسلەرگە سالام بەرگەندىن كۆرە، سالام بەرمەيلا قويۇش، پاكى بولمىسا كۆرمەسكە سېلىش تۈزۈكتۇر. چۈنكى، بۇنداق شەخسلەر ئۆز قەدرىنى بىلمەيدۇ. ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. سىزنىڭ سالىمىڭىزنىڭمۇ قەدرىگە يەتمەيدۇ. سالىمىڭىزغا ئېتىبارسىز قارايدۇ ياكى ئىلىك ئالمايدۇ. ئەخلاقسىز، دىتسىز، تەنتەك كىشىلەرگە سالام بېرىپ ھۆرمەتلىمەك، ئۇلارنىڭ نوخىلىلىرى ئۆرلەپ، قىلغان ئىشىم توغرا ئىكەن ـ دە، دەپ، كېيىن ـ تەمەننا قىلىشلىرى ۋە يەنىمۇ ھەددىلىرىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداقلارغا نىسبەتەن جامائەتچىلىك سالام بىلەن ئەمەس، نەپرەت بىلەن ئۆز قارىشىنى ئىپادىلىمەك دۇرۇستۇر.

تەڭتۇشلارنىڭ سۆھبىتى قىزىپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىر چەتتە ئەدەپ بىلەن ساقلاپ تۇرماق كېرەك. يەنە جامائەت جەم بولغان سورۇنغا كېچىكىپ كېلىپ، ھەممىنى بىسەرەمجان قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغاپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شەرت ئەمەس. بۇنداق پەيتتە قولنى كۆكرەككە قويۇپ: «كۆرگىنىمىز كۆرۈشكىنىمىز» دېيىش كۇپايىدۇر.

قول يۇيۇلۇپ بولغاندا، تاماق يەۋاتقاندا قول بېرىلسە، كىشىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ياشتا چوڭ ئادەم ئالدىدا قول ئۇزاتمىغۇچە قول تەڭلەپ كۆرۈشمۇ ئەدەپسىزلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يۇقىرىقىدىن باشقا ئەھۋاللاردا سالاملىشىشنى



روزەم سابىرى

(1901 — 1991)

ئۆز ئۆمرىدە بىرمۇ مەخسۇس سەنئەت ئورنىدا كەسپىي سەنئەتچى بولۇپ ئىشلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغان داڭلىق خەلق ناخشىچىسى روزەم سابىرى خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ۋە كەسپىي چالغۇچى، ناخشىچىلارغا سەنئەتنى خەلققە بېغىشلاش جەھەتتە بىر ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ناخشىخۇمار خەلقىمىز ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى مەڭگۈ قەلبىدە ساقلايدۇ.

زۆرۈر بىر ئادەت دەپ قاراش كېرەك.

## سالاملىشىشنىڭ بۇزۇلۇش ھاللىرى

ئادەملەر ئۆزئارا سالاملاشقاندا ناھايىتى نازۇك پسىخولوگىيىلىك ھالەت يۈز بېرىدۇ. ئەھۋال سورىشىۋاتقانلارنىڭ ئوي ـ خىيالى، خاراكتېرى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، ئىچكى ھېسسىياتى، ئاشۇ پەيتتىكى كەيپىياتى ھەممە كۆرۈشكۈچىگە سالام بەرگەن چاغدىكى مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان پەرقى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالايلى، كۆرۈشۈش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى — كۆزلەرنى ئۇچراشتۇرۇش، بىر ـ بىرىگە قاراپ سەممىي قول ئېلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، سىزگە ئامالسىز ھالدا قول سوزۇپ، ئۆزى باشقا ياققا قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا «چەتكە قاراپ تۇرۇپ قول بەرگەن كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ ئېھتىمال توغرىدۇ. بۇنداق ئادەم باشقىلارنى سۆيمىگىنى ئۈچۈن ئاشۇ قىلىقى بىلەن «سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق» دېگەننى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ.

بەزى ئادەملەر سالاملاشقاندا كىشىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ (سىقىپ)، قاتتىق سىلكىپ، كۆرۈشكۈچىنى بىزار قىلسا، يەنە بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئەكسىچە قولىنىڭ ئۇچىنى بېرىپ، سوغۇققىنە كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى مەنسىتمىگەنلىكىنى ۋە ئەدەپسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار سالام ـ ساھەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. سالام ـ ساھەت شۇنداق مۇقەددەس نەرسىكى، ئۇنى بۇزۇش جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن تەڭدۇر. سالامنىڭ بۇزۇلۇشى يەنە تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن:

بېخىل سېخىينى، نادان دانانى، ئەدەپسىز ئەدەپلىكنى، مۆرىمەس خۇشچاقچاقنى،



زىكرى ئەلپەتتا

( 1986 — 1915 )

تالانتلىق مۇزىكانت، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، «رۇخسارى» مۇقامىنىڭ، «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلاردىكى مۇھىم مۇزىكىلارنىڭ ۋە نەچچە ئونلىغان ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلپەتتا مەشھۇر سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، 12 مۇقامنى تىرىلدۈرۈش خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان. «زىكرى ئەلپەتتا» دېگەن نام مۇقام بىلەن تەڭ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغۇسى.

ئىقتىدارسىز ئىقتىدارلىقنى، گۇناھكار دىيانەت ئەھلىنى، ئەخمەق ئاقىلنى، مۇناپىق ئالىيجانابنى كۆرگەندە يۈرىكى سىقىلىپ، قېنى ئايلىنىشتىن توختاپ، رەڭگى سارغىيىپ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالماسلىقى ئېنىق. ئادەملەرنىڭ مىجەزلىرى كېلىشكەندە سالام ـ سەھەت بۇزۇلمىغان ھالدا ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە دىل ـ ساخاۋىتىنىڭ ئەقىل زاكالىتىگە مۇجەسسەملىكى يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگەتمەك، ئۇلار چوڭ بولغاندا، ئەخلاق ساھىبى بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇمۇ دەسلەپتە سالام بېرىشتىن باشلىنىدۇ.

ئارىمىزدا تەربىيە كۆرمىگەن، سالام ـ ئەلىكنى بۇزىدىغان كىشىلەر ئۇچراپ قالسا، دەرھال تەربىيە بېرىپ ياخشى يولغا باشلاش ھەربىر ئىمانلىق كىشىنىڭ ئىنسانىي ۋەزىپىسىدۇر. ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىنى بۇزغان كىشىلەر بىراۋدىن ئاچچىق تەنبىھ ئاڭلىسا خاتالىقىنى تونۇشى ۋە تۈزىتىشى لازىمدۇر. دانىشمەنلەر توغرا ئېيتىدۇ: « دورا ئاچچىق ۋە پەتبۇي بولىدۇ، كىمىكى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يۇتالىسا، دەردىگە شىپا تاپىدۇ». توغرا تەربىيىمۇ كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىشى مۇمكىن، لېكىن ھەزىم قىلالىغان كىشىگە پايدىسى زوردۇر.

## ئىنسانلىقنىڭ ئاددىي بەلگىلىرى

ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئەنئەنىلىرى بىر تارىخىي دەۋردە كېلىپ چىقمىغان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە مېھنەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆزئارا ۋە قوشنا خەلقلەر ئارا ئالاقىدە بولۇش، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئامىللار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، بارلىققا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بىلەن



**شەرىپىدىن ئۆمەر**

( 2002 — 1932 )

« ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار »، « ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات » قاتارلىق ئونلىغان كىتابلارنىڭ ۋە بىر تالاي ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى شەرىپىدىن ئۆمەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. خەلقىمىز بۇ تۆھپىكار پەرزەنتىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، جۈملىدىن سالام - سەھەت ئادىتىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىق شەكىللەنگەن. سالاملىشىشتىكى بۇنداق نەمۇنىلەر تۆۋەندىكى ئادەتلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ.

**قول بېرىپ كۆرۈشۈش** ھەر ئىككى كۆرۈشكۈچى تەرەپ ئوڭ قولىنى بىر - بىرىگە ئۇزىتىپ، بارماقلىرىنى يۇمشاق قىسىپ، يەڭگىل سىلكىيدۇ. بۇنداق كۆرۈشۈش دوستلىشىش، بىرلىشىش، سىردىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىراۋ بىلەن يېڭى تونۇشقاندىمۇ شۇنداق سالاملىشىدۇ. بۇ، سالاملىشىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئومۇملاشقىنى بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممىسى قوللىنىدىغان شەكىلدۇر. دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن ئۆزئارا كۆرۈشكەندىمۇ ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان سالاملىشىش ئادىتىمىزدۇر.

**ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش** ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلەشتۇرۇپ، بىرقانچە قېتىم يەڭگىل سىلكىپ قويىدۇ. بۇ، كۆرۈشكۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە بەكمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ياكى سەمىمىي ھۆرمىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، قويۇق سالاملىشىشنىڭ بىزدە پەقەت ئەرلەرگە خاس شەكلىدۇر.

**قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش** قېرىنداشلار، يارۇ بۇرادەرلەر ۋە بىر - بىرىگە بەك يېقىن شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئايال بىلەن ئايال، ئەر بىلەن ئەر، ئانا بىلەن بالا، ئاتا بىلەن بالا، بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلايدۇ ۋە شۇ پەيتتە ھال - ئەھۋال سوراش بىلەن بىرگە، بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتىدۇ. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا مەيلى ئۇلار قانچىلىك قەدىرلىك بولغان ئەھۋالدىمۇ، ھەتتا ئەر - خوتۇن بولغان تەقدىردىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ، ئۇيات ھېسابلىنىدۇ.

**چوڭلارنىڭ باللار بىلەن كۆرۈشۈشى** ياشتا چوڭ كىشىلەر (ئەر - ئايال) مېھمان بولۇپ كەلگەن خانىدىكى باللار بىلەنمۇ كۆرۈشۈشى شەرت. بۇنداق بولغاندا ساھىبخانا خۇرسەن بولىدۇ. كۆرۈشكۈچى باللارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈش، ئۇنى سىلەش بىلەن بىرگە،



ئابدۇراھمان جامى

( 1414 — 1492 )

مەشھۇر قابىل ئالىم، پەيلاسوپ، يازغۇچى مەۋلانا نۇرىدىن ئابدۇراھمان جامى ھىرات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ شەرق خەلقلىرى ئاساسىدا داڭق قازانغان. گەرچە ئۇ تاجىك بولسىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىرىنچى ئۇستازى بولغان ھەم ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.



كارۇشالڭ ئاخۇنۇم

( 1843 — 1923 )

« ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى » ۋە « كۆچ ـ كۆچ » قالايمىقانچىلىقلىرىدا ئۆتتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىلى مۇقامچىلىقىنى قايتا تىرىلدۈرگەن. ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن قابىل شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلى مۇقامچىلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇستاز سەنئەتكار، داڭلىق مۇقامشۇناس مۇھەممەت موللا ( كارۇشالڭ ) خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئەسلىنىدۇ.

« چولڭ بولۇپ قاپسىزغۇ » ، « ئوقۇشىڭىز ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ » ، « ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ » دەپ سورايدۇ. يەلكىسى ياكى پېشانىسىنى سىلايدۇ.

**قولنى كۆكرەككە قويۇپ سالاملىشىش** بۇ، سالاملىشىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەت بولۇپ ئومۇملاشقان. بىر دانا ئاتىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئادەم ئۆزىگە يېقىن، سۆيگەن، ھۆرمەت قىلغان، مېھرىبان، قەدىردان بولغان دوست كىشىنى ئۇچراتقاندا، يۈرىكى « جىغغىدە » قىلىپ كېتىدىكەن، ئوڭ قولىنى سول كۆكرەككە قويۇپ سالاملاشقاندا، باش سەل ئالدىغا ئېگىلگەن ھالدا: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېيىلىدۇ، مەنىسى « سىزگە تىنچ ـ ئامانلىق تىلەيمەن » دېگەنلىك بولۇپ، « ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام » دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ، « مەنمۇ سىزگە تىنچ ـ ئامانلىق تىلەيمەن » دېگەنلىكتۇر. سالاملىشىشنىڭ بۇ خىل شەكلى بەش خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ: ( 1 ) كوچا ـ كويدا تونۇش ـ بىلىشنى ئۇچراتقاندا؛ ( 2 ) ھۆرمەتلىك ئادەمنى ئۇچراتقاندا؛ ( 3 ) تونۇش بولمىسىمۇ مويسىپىت، ئىللىق چىراي ئادەمنى ئۇچراتقاندا؛ ( 4 ) كۆپچىلىك ئولتۇرغان سورۇنغا كەلگەندە؛ ( 5 ) قول بېرىپ كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمىغان باشقا ھاللاردا ئەنە شۇ تەرزىم بەجا كەلتۈرۈلىدۇ.

**قول قوشتۇرۇش** بۇمۇ سالاملىشىشنىڭ خېلى كۆپ تارقالغان شەكلى بولۇپ، ئىككىلا قولنى كىندىك ئۈستىدە قوشتۇرۇپ، باشنى سەل ئالدىغا ئەگكەن ھالدا سالاملىشىدۇ. ھال ـ ئەھۋال سورىشىدۇ. سالاملىشىشنىڭ ئۇشبۇ شەكلى تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ:

( 1 ) ئالاھىدە ھۆرمەت ساھىبى بولغان مويسىپىت كىشىنى ئۇچراتقاندا؛ ( 2 ) توي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆپچىلىك مېھمانىنى كۈتۈۋاتقاندا ۋە كۆزىتىۋاتقاندا؛ ( 3 ) تەزىيىگە بارغاندا؛ ( 4 ) توي، بايرام ۋە باشقا يىغىن داستىخانىغا تەييارلىق كۆرۈ-

ۋاقتاندا، ياش يىگىتلەر كېلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىدۇ. بۇ، « بۇيرۇۋېرىڭ، خىزمەت بولسا بېجىرىشكە تەييارمەن » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈش** ئاتا ـ ئانا بىلەن باللار، ئاكا ـ ئۇكىلار، ئاچا ـ سىڭىللار، ئەڭ يېقىن قېرىنداش ۋە يار ـ بۇرادەرلەر ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمەي، تويۇقسىز ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ، پېشانىسىگە ۋە ئىككى مەڭزىگە سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. لېكىن بۇ ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

« **ھە، تىنچلىقمۇ؟! ...** »، « **سالامەتمۇ؟!** » تونۇش بىلىشلەر بىلەن يول ـ كوچىلاردا كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا سورىشىپ ئۆتىدىغان خىتاب. بۇنىڭدا ھەر ئىككىلا ەرەپ بېشىنى ئېگىپ ئۆتىدۇ.

« **باللار چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟!** » تونۇشلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ( مەيلى ئەر، مەيلى ئايال) بىلەن سورىشىپ ئۆتىدىغان خىتاب. « رەھمەت، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، چاي قۇيااي » — مانا بۇ بېرىلگەن جاۋاب، تەكلىپ خىتابى.

« **ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم** » ( ئاتا، تاغا، ھەدە، ئاپا ياكى ئىسىم شەرىپى ۋە نام شەرىپى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ) — ياشلارنىڭ چوڭلارغا بېرىدىغان سالىمى. بۇنىڭدا ئاۋۋال چوڭى قول ئۇزاتسا، كىچىكىمۇ قول ئۇزىتىدۇ. كىچىكنىڭ چوڭغا بىرىنچى بولۇپ قول ئۇزىتىشى مۇۋاپىق ئەمەس.

« **سالامەتچىلىكمۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ، ئامان ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ؟!** »، « **باللا چاقىلار تىنچلىقمۇ؟!** »، « **كەم دىدارغۇ سىز؟!** »، « **كۆرۈنمەيسىزغۇ؟!** » ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بىر ـ بىرى بىلەن سورىشىپ ئېيتىلىدىغان خىتابلار. شۇ خىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشمۇ ياكى بىر ـ ئىككىسىنى ئېيتىشمۇ مۇمكىن. بوۋاي ياكى موماي بىلەن



ئىنايىتۇللا ھەلىمى

( 1922 — 1994 )

ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق بىلىمى بىلەن تونۇلغان تېبابەت ئاشىقى ئىنايىتۇللا ھەلىمى ئوقۇتقۇچى، كۆپ خىل تىللارنىڭ تەرجىمانى، لۇغەتشۇناس، تەھرىرلىك قاتارلىق ھەر ساھەدە تەڭ يېتىلگەندىن سىرت، 40 ـ يىللاردا شېئىرىيەت جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەندى.

ئۇ 54 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېبابەت ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ دۇنيادىن ئۆتتى.

سالاملاشقاندا ئىسمى ـ شەرىپى قوشۇلۇپ: « سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ » دەپ سورىلىدۇ. « رەھمەت بالام » ياكى « رەھمەت ئوكام، سىڭلىم » دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ.

**« كېلىڭ، كېلىڭلار »** مېھماننىڭ قەدەم تەۋشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېيتىلىدىغان خىتاب. « كېلىڭ » دېگەن خىتابقا مېھماننىڭ ئىسمى ـ شەرىپى، ئۇنۋانى ياكى قېرىنداشلىق نامى قوشۇپ ئېيتىلىشى لازىم. بۇنىڭغا « كەلدۇق! » ، « تىنچلىقمۇ سىلەر؟ » ، « سالامەتمۇ سىلەر؟ » دەپ جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ.

**« خۇش كېلىپسىلەرمۇ؟ »** كەلگەن مېھمان ئولتۇرغاندىن كېيىن ساھىبخانا تەرەپتىن سىلىق تەلەپپۇزدا ئېيتىلىدىغان ئىلتىپات سۆزى. جاۋابى: « خۇش ۋاقىت بولۇڭ ».

**« ئوبدان كۆرۈشتۇق »** ساھىبخانا داستىخان سالغاندا ۋە داستىخاننى مېھماننىڭ ئالدىدىن ئالغاندا ئېيتىلىدىغان ئىلتىپات سۆزى. جاۋابى: « خۇش ۋاخ بولۇڭ ».

**« قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ »** ساھىبخانا تەرىپىدىن چاقىرىلمىغان ياكى يىراق جايدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن مېھماننى خوش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، « ئوبدان كېلىپسىز، ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىدۇق » دېگەن مەنىدە سورىلىدۇ. جاۋابى: « سىلەرنىڭ شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى » دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، مەنىسى: « سېغىنىپ، دىدار كۆرۈشەي دەپ كەلدىم » دېگەنلىك بولىدۇ.

**« سوراپ سالام ئېيتتى » ، « سورىدى » ، « بىز ئۈچۈن ئەھۋال سوراپ قويۇڭ دېدى »** مېھمان تەرەپتىن قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەردىن ساھىبخانىغا يوللانغان سالاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئېيتىلىدۇ. جاۋابى : « سالامەت بولغاي » ، « رەھمەت » دېيىلىپ، سالام قوبۇل قىلىندى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**« ياخشى چۈش كۆرۈڭ »** مەلۇمكى، بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كەلگەن مېھمان ئۆز ئورۇن ـ تۆشىكى ئۆزگەرتىلگىنى ئۈچۈن ئۇخلىيالماسلىقى، ئارامسىزلىنىشى،



**ئىمىر مۇھەممەد**

( 1992 — 1906 )

ھاياتىنى سىرچىلىق، نەققاشچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مۇشۇ ساھەسىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەن ھەم خەلقنىڭ قەدىرلىشىگە، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىمىر مۇھەممەد شايار ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇ گۈل چەككەن، سىرلىغان جاھازىلار، نەقىش ئويغان تام ـ تورۇس، پەشتاقلار ھېلىھەم ئۆز جۇلاسىنى يوقاتماي، ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى كامالىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

يامان چۈش كۆرۈشى، كېچىسى ئويغىنىپ، قەيەردە ياتقانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئالالماي بىئارام بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالغان ساھىبخانا مېھمانغا ئورۇن راسلاپ بېرگەچ، ئارامسىزلانماي ياخشى ئۇخلىشى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ ئەنە شۇنداق دېيدۇ.

« **ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ ؟** » ئويقۇدىن ئويغانغان مېھماندىن ساھىبخانا سورايدىغان ئەلتىپات. مېھمان ياخشى ئارام ئېلىپ، ئوبدان چۈشلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ ياكى ئارام-سىزلىنىپ، يامان چۈشلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، بەربىر « ياخشى ئۇخلاپتىمەن » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېھماننىڭ كېچىدىكى تەشۋىشلىرى ئۇنتۇلغان بولىدۇ.

« **خەير** » ، « **ئامان ـ ئېسەن بولۇڭلار** » ، « **ئاق يول بولسۇن** » مېھمان بىلەن خوشلاشقاندا، ساھىبخانا ئىزھار قىلىدىغان تىلەكلەر.

« **سورىغانلارغا سالام ئېيتىڭلار** » ، « **سېغىنىپ سالام دېدى دەڭلار** » ، « **مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭلار** » ، « **پالانچىغا ( ئىسىم ـ شەرىپى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ ) بىزدىن سالام دەڭ** » مېھمانغا كېتىۋاتقان كىشى ئارقىلىق يىراق ـ يېقىندىكى قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ۋە تونۇش ـ بىلىشلەرگە سالام يوللاپ ئېيتىلىدىغان خىتاب ـ ئىل-تىماسلار.

## سالام مېھرى

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆرۈشكەن كىشىنىڭ ئۆزى ياكى ئۆي ئىچىدىن بىرەرسى بىمار بولسا، ھالىنى سوراش، غەمكىن بولسا، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ئاۋۇندۇرۇش، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، تەبرىكلەشكە ئوخشاش ئادەتلىرىمىز بار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن كۆرۈشۈش، سالاملىشىش، ئەھۋال سورىشىش ۋە ئەلتىپات كۆرسىتىش ئادەتلىرىدە ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى،



ئۆمەر ئاخۇن

( 1910 — 1995 )

ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇقامغا بېغىشلاپ مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ھەم 12 مۇقامنى رەتلەشكە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى، بۇ مۇقامشۇناس ئۆمەر ئاخۇن قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا باشتىن ـ ئاخىر تۇردى ئاخۇن ئاكىسىنىڭ مۇقام ئورۇنداش ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولۇقى بىلەن ساقلاپ كەلگەن.

ئىززىتى، ئىللىق تەبەسسۇمى، مېھرىبانلىقى، ئادەمگەرچىلىكى ۋە ئىنسانىي پەزىلىتىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى بار. ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ يۈكسەكلىكىمۇ شۇلار ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

دېمەك، بىز ياشلارنى مېھماندوست، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولىدىكەنمىز، سالام ـ سەھەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. سالام مىسالى بىر يېقىملىق شامالغا ئوخشايدۇ. مىجەزى ياخشى ئادەمدىن چىمەنزارلىقتا ئوخشاش خۇش ھىد تاراپ تۇرىدۇ. مىجەزى ئوسال ئادەمدىن كۆڭۈلنى ئايىنىتقۇچى سېسىق پۇراق چىقىدۇ.

سالامنىڭ سېھىرلىكى توغرىسىدا ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، يالماۋۇز كەمپىرگە دۈچ كەلگەن بىر يولۇچى قورقىنىدىن ھولۇقۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ ۋە شۇ قورقۇنچ ئىچىدە: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېگەنىكەن، شۇ چاغدا ئادەمخور يالماۋۇز: « ماڭىمۇ سالام بېرىدىغانلار بار ئىكەن » دەپ ئويلاپ: « ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، ئىككى يالماپلا يۇتۇۋېتەتتىم! » دېگەنمىش.

بۇ ئەپسانىنىڭ مەنىسى شۇكى، سالام ھەرقانداق ئادەمنىڭ، ھەتتا يالماۋۇزنىڭمۇ دىلىنى يۇمشىتالايدىكەن. چىن دىلىدىن سەمىمىي سالام بەرگەن كىشىنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھرىبانلىق نۇرى ۋە يۈزىدىكى تەبەسسۇم سالامنى ئىلىك ئالغۇچىنىڭ دىلىنى روشەن قىلىپ يورۇتىدۇ.

سالام بېرىش ۋە ئىلىك ئېلىش ئادىمىيلىكنىڭ ئاددىي بەلگىسى ئىكەنلىكىنى خەلق ماقالىلىرىدىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. « بىر كۈن تۇز يېگەن جايغا قىرىق كۈن تاۋاپ قىل »، « بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان! »، « ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق »، « سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز ».

« شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن ئېلىندى، قۇربان توختى تەييارلىغان.



ھەسەن يۈسۈپ

( 2001 — 1932 )

بىر ئۆمۈر تىياتىر ھەم كىنو ساھەسىدە ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي تالانتى بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. « تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن » فىلىمىدە « چاشقان » نىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. ھەرخىل ھەجۋىي ئوبرازلارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئالىدىغان تىياتىر ئارتىسى، كومېدىيە پېشۋاسى ھەسەن يۈسۈپ كۆرۈرمەنلەر قەلبىدە ئۆچمەس ئەسىرات قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.



فۇرقەت

( 1858 — 1909 )

فۇرقەت قوقەندە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يەكەندە ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى زاكىرجان خالمۇھەممەت فۇرقەت بولۇپ، ئۇ « تۇق » رادىفلىق ساتىراسى، « ئىلىم خاسىيىتى »، « سەيدىڭ قويابەر سەيياد » ناملىق شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر. فۇرقەت ئەسەرلىرى يالغۇز ئۆزبېك ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## نەسىھەتى ئامما

### ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن )

ئىسلامىيەت ئالىملىرىنىڭ دانىشمەنلىرى، دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ئوچۇق بولسۇنكى، ھازىر ھەم كەلگۈسىنىڭ بەخت سائادىتى، شاراپىتى ( شان ـ شەرىپى ) ئىمان ( نىيەت ) ۋە ياخشى ئەمەل ( ياخشى ئىش ) لارنى قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان « قۇرئان كەرىم » نىڭ بىرقانچە يېرىدە ئىمان ( نىيەت ) نى ياخشى ئەمەل ( ياخشى ئىش ) بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە، يەنى نەزەرىيىنى پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ھەرقانداق بىر ئەمەل ( ئىش ) ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان ( نىيەت ) قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

بۇ سىرلاردىن مۆتىۋەر پېشقەدەملىرىمىز ۋە بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزمۇ خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ، ئاللا-

نىڭ سۆزلىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا، ئىسلام ھەقىقىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى.

ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت شىجائەتلىرى نەتىجىسىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھەقنى ناھەقتىن ۋە ناھەقنى ھەقتىن ئايرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تامامى ئالەمگە ئاشكارا قىلدى.

ئىتتىپاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ جەبر ـ زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك ( جاھالەتلەر ) زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئىسلامنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلارمۇ ھەيران-لىق ھەم غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسىمۇ « قۇرئان كەرىم » دە كۆرسىتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان يەتكۈزگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدىندۇر. بىز نۆۋەتتە بۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. دىنى ئىسلام-نىڭ يولباشچىسى « قۇرئان كەرىم » دە كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: « ئىخلاس ( ھەر ئىشنى جان دىل بىلەن ئورۇنداش ) ، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ئىبادەت ( ھەققە بويسۇنۇش ) ، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت ( ئەلگە مەرىپەت قىلماق ) ، دوستلۇق، ئىنساپ ۋە ئادالەت، كەچۈرۈش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىيلىق، ئىسلاھ قىلىش ( يېڭىلىققا يۈزلىنىش ) روھى بولۇش، چىدامىلىق ۋە ئېغىر ـ بېسىق بو-لۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەت، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەت، ياخ-شىلىق، تەدبىرچانلىق، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يولىيورۇققا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلە-شىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. ئىشلار بولسا « قۇرئان كەرىم » ،



ھاپىز شىرازى

( 1389 — 1300 )

ئەسلىي ئىسمى شەمشىددىن مۇھەممەت. مەشھۇر ئىران شائىرى، پارس لىرىكى-سىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىنگەن ھاپىز شىرازى 500 پارچىدىن ئارتۇق لىرىك شېئىر يېزىپ قالدۇرغان. بۇ شېئىرلار دۇنيا-دىكى كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ھاپىز شىرازى ئۆز ۋاقتىدا غۇربەتچىلىك دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.



ماننان ئۇيغۇر
( 1993 — 1928 )

پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزىنىڭ غورۇرىنى ساقلىغان ھالدا قىلىچە مىللەتچىلىك قىلماي ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك زىيالىيلىرى بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ ئۆزبېكىستاننىڭ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارى، ئاكتيور، رېژىسسور، تەرجىمان ماننان ئۇيغۇر پۈتكۈل ھاياتىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بېغىشلىغان مەشھۇر شەخستۇر.

ماننان ئۇيغۇرنىڭ دراما ـ تىياتىر ساھەسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ مەدەنىيەت خادىملىرى ئۈچۈن ئېنىق. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

«ھەدىس شەرىف» ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يولىيورۇقى بويىچە بولغانىدى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، «ئىززەت ھۆرمەت ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە خاستۇر» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق ئىگە بولغانىدى.

قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يەتتى، ئىتتىپاقلىق يوقالدى، ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى، ئىلىم ـ مەرىپەت كېمەيدى. پۈتكۈل ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خار ـ زارلىققا يۈزلەندى.

پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق (ئىلىمگە خىلاپ بۇزۇق ئىشلار) باش كۆتۈردى. ئىززەت ـ ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىز ۋە ئىسلامىيەتنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلالمىغانلىقىمىز سەۋەبچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق، ئازاب ـ كۈلپەت، غەم ـ ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەكتىمىز. دېھقانچىلىق، سودا سانائەت جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز. كېلىڭ، ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! بىزدىكى ئاقىۋەتلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك، ھورۇنلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يېنىپ، دىنى ئىسلامنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلايلى. ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىز بىزگە تەلىماتلىرىنى بايان قىلسۇن. خەلق ئاممىسىغا ياخشى ـ يامانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى، زامانىۋى يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقە ـ ئېھسان ۋە ماددىي يارداملىرىنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادىنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن. خەلق ۋە مىللەتكە، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن.



پاشا خوجا

( 1893 — 1962 )

تونۇلغان خەتتات پاشا خوجا غۇلجىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن ھۆسنخەت يېزىشقا ئالاھىدە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇيغۇر ھۆسنخەت نۇسخىسىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك خەت يازالايدىغان بولۇپ يېتىشكەن. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە خەت نۇسخىلىرىنىمۇ بىمالال يېزىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. باشقىلارنىڭ كۆپلىگەن بايازلىرىنى ئۆزى يېزىپ شىرازلاپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ماھىر ئورۇندىغۇچىسى بولۇپ، ئىلى ناخشا - مۇقاملىرىنى خېلى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە ساز چېلىشتىمۇ كامالەتكە يەتكەن.

ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ «ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز. لېكىن ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق» دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى، كەلگۈسى ئىقبالنى ئويلايلى.

باشقا مىللەتلەر ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جانابىي ئاللانىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ ( ھۈنەر ) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللا ئادەت قىلمىغاندۇر. بەلكى ھەربىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا قىلىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئاللانىڭ يولىيورۇقىدۇر. «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ ئىسپاتتۇر.

سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرگە!

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسمەن قىسقارتىپ ئېلىندى، ئۆمەرجان ئوسمان شىپاھىي نەشرگە تەييارلىغان.



ئىبراھىمجان نۇر
( 1930 — 1993 )

بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، رېژىسسور، بەدىئىي يېتەكچى، ئاتاقلىق سەنئەتكار، «ئالتۇن باشاقلار»، «قويچى قىز»، «بايرام مەشرىپى»، «گىلەمچى قىز»، «تەڭرىتاغ شادلىقى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنىڭ ۋە «غېرىب ـ سەنەم»، «مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق فىلىملەردىكى ئۇسسۇللارنىڭ ئىجادچىسى ئىبراھىمجان نۇر ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.

## ئابدۇقادىر داموللام ئۆگۈتلىرى ①

تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇقى.
ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جەمالى،
ئۇنىڭسىز بولماس ھاياتنىڭ كەمالى.
پەزىلەت كۆپ ئىرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇل ئەلا.
ئىلىمدۇر بىباھا، قازسا پۈتمەس كان،
ئىلىمدىن باشقىسى كىمگە ئەسقاتقان؟
ئىلىملا نىجاتلىق بېرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك ھاياتتۇر، جاھىللار ئۆلۈك.
ئى ياش بىل جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئېشەك.

① مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان.

● ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن ياكى كۆپ قىلسۇن ، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق!

● زاماننىڭ ھاتەملىرى سانىلىدىغان ئەرلەر موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن، بىناۋالەرنىڭ كۆڭلىنى ئالغان، ھەق سۆزنى ئېيتقان كىشىلەرنى ھىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر.

● ئالىملار ئۆز ئىلمىنى ئەتراپقا رىياسىز تارقاتسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر لەۋزىدىن قەندۇ شېكەر تامسا، ئالىم نۇرغا تولۇپ زاماننىڭ قاراڭغۇسىمۇ يورۇيتتى.

● ئەقىل ئىگىسى بولساڭ قۇرۇق دېمەي بۇ سۆزگە قۇلاق سال: غەيرەت ئەھلى دائىم قانائەتچان بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟ بىر مەسەل باركى، كىشىدىن تەمە قىلماق گويا ئۆكۈزدىن سۈت، مۈزدىن ئوت تەمە قىلغان بىلەن باراۋەردۇر. خۇدا، بىزنى قانائەتلىك قىلغىن.

● ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ، ئۇنى «يېيىۋەتتى» دەپ باشقىلارنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆز قەلبى سىغدۇرالمىسا، باشقىلارنىڭ قەلبى قانداقمۇ سىغدۇرالىسۇن!؟

● ئىلىم تەلەپ قىلماق خاھ ئەر كىشى، خاھ ئايال كىشىگە پەرھىزدۇر. ئىلىم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەتكە سەۋەنچىدۇر.

*ئۇيلا، ئەي جىسمىنىڭ چاكىرى ئىنسان،*

*نەپ كۈتمە جىسمىڭدىن زىيان بار پىنھان.*

*بەخش ئەت جېنىڭغا پەزىلەتتىن كۈچ،*

*جىسمىم، ياق، جاندىدۇر ھاياتتىن نىشان!*





ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا

(1932 — 1996)

مىللەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيە ساھەسىدە سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئىجتىمائىلىق تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش»، «لوپنۇر ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» قاتارلىقلار دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق كىتابى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ۋە ياخشى ئىنكاسقا ئېرىشكەن.

● توغرا سۆزگە ئىشەنمەي، خاتا سۆزگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى پۇتۈنلەي يوقاتقان مىللەت ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش قىيىن.

● گەرچە لاياقەتسىز يەر بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن زايە كەتمەيدۇ. ياخشى ئىشقا گەرچە ئۇزۇن زامان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى پەقەت تېرىغان كىشىلا كۆرىدۇ.

● كىتاب ئوقۇغان كىشى تەپەككۇرنى ھەمراھ قىلماي، كىتابنىڭ شەرھى ـ ئىزاھىغىلا ئېسىلىۋالسا، گويا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

● كىشىلەرنى ھۆرمەت قىل، سەن باشقىلارغا ھۆرمەت قىلساڭلا، ئاندىن باشقىلاردىن ھۆرمەت كۆرەلەيسەن.

*چىرايىنىڭ ھۆسنىگە تولمىقى بىلەن ،*
*يىگىتنىڭ پەزىلەت شەرتى تولامدۇ ؟*
*تۆمۈرنىڭ پارقىراق بولمىقى بىلەن،*
*يەمەندىن چىققانغا دەلىل بولامدۇ ؟*

● كېچەيۇ كۈندۈز مېھنەت بىلەن بولۇپ ئۆز ئابرۇيىنى ساقلىسا، مۇنداق كىشى ئەلدىن ئازار كۆرمەيدۇ. ھېچ زامان خار بولمايدۇ.

● پەسەنلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويسەن. قوپاللىق قىل، ئىتائەت قىلىپ باش ئەگكەن ھالدا ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۇبھەسىزكى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قويساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.

● ئەگەر سەن سۆيۈگىنى ئەخلەت چۆشكەن دەپ ئىچمىسەڭ، ئۇسسۇز قالىسەن. قانداق كىشىنىڭ سۈيىنىڭ ھەممىسى ساپ بولغان ؟ يەنە قانداق كىشىنىڭ ھەممە ئىشى دۇرۇس



ياسىن داموللا
( 1932 — 1992 )

جامائەت ئەربابى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، ئەدەبىي تەرجىمان، ئەل سۆيەر شائىر ياسىن داموللا ھاجىم مىسرى شايار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، شېئىر ھەم دىنىي ۋە پەننىي ماقالىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئللدۇ. ئېيتىشىچە، ئۇ «ھىدايەت يولى» ناملىق توپلىمىنى يورۇقلۇققا چىقىرالماي تۇرۇپلا ۋاپات بولغان.

دەپ قارالغان؟! كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ سانالغانلىقى ئاشۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتىدۇر.

*ھەرقانداق كېسەلگە تېپىلسىمۇ ئەم،*
*يوق ھەرگىز ئەخمەقنى ساقايتار مەلھەم.*

● نەپس شۇنداق بالادۇركى، ئەگەر ئەقىل ئۇنىڭغا شاھلىق قىلالمىسا، ئادەمنى ئىتتىنمۇ پەسلەشتۈرىۋېتىدۇ. خۇدا، نەپس بالاسىدىن ساقلىغايسەن!

● بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم. لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىنمۇ تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن. مېنى قايغۇغا سالغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن باشقىسىنى تاپالمىدىم.

● ئالىم شاگىرتلىرىغا ئىلىم ئۆگەتكەندە غەرەزدىن خالىي بولۇپ، ئۇلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل قاراتسا، زامان ئەھلى نەزىرى تار موللىلاردىن قۇتۇلىدۇ.

● ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان جايدا مەرىپەت ئەھلىنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خارۇ زارلىققا يۈزلىنىدۇ.

● غەپلەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر.

● كىشىلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ھەجۋىي قىلىدىغان كىشى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ھەجۋىي بىلەن يارا قىلىدىغانلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ ھەجۋىسىگە تۈكۈرمەك كېرەك.

● ياخشىلىققا يات، مال ـ دۇنياغا مايىل بولۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئۆتكەن غېنىلەر ياخشى يولغا مېڭىشتىن باش تارتقان جىنايەتكارلاردۇر. ئۆز مېلىدىن ئۆشـ رە ـ زاكات ئايرىمىغان بايلار خىيانەتكارلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ قولىدىكى مال ئامانەتدارنىڭ قو-



ئېبلاخۇن تىلۋالدى
(1866 — 1970)

بىر ئەسىردىن بېرى توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ ـ ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىپ، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ كېلىۋاتقان «خانلىيلۇن» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ۋە تېكىست قوشاقلىرىنىڭ ئىجادچىسى، ئىلىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ناخشىچى، چالغۇچى ۋە خەلقپەرۋەر قوشاقچى ئېبلاخۇن تىلۋالدى (لەقىمى كۆككۆز) تەتۈر زامان قىسمەتلىرىدىن ناخشا ـ قوشاق بىلەن ئۆتۈپ خەلقىمىز قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن قالدۇرغان.

لىدىكى مالغا ئوخشاش ئۆزىگە ئەسقاتمايدۇ ئۇلار ئۆلىدۇ، مېلى قالىدۇ.

●ئەي ئوغلۇم، جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىم قىلغىن. ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە شەپ-قەت كۆزۈڭ بىلەن باق. ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى ھۆرمەتلە، كىچىكلىرىگە رەھىم قىل. ھەربىر ئىشتا ھەممىنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىل.

*ئۇل ئەدەپ ئىلمىگە بەك بولما ھېرىس،*
*ھەسلىنى كۆپ يېيىسە تېتىيدۇ ئەمەن.*
*بولۇپ خار ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىكلەر،*
*جاھىللار ئامەتتىن تولۇق بەھرىمەن.*

●دۇنيادا نىيەت - ئىقبالى دۇرۇس، كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ يېتەرلىك نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتكەن. ئەمما ئۇلار دائىم ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەن. يەنە نۇرغۇن زەئىپ، ئاجىز كىشىلەرمۇ ئۆتكەن، بۇلار ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قېنىپ، مۇرادى دېگۈدەك ھاسىل بولۇپ ئۆتكەن.

●سۆز زىننەتتۇر، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمە. مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان يېمىدىم. ئەمما، سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇشايمان يېدىم.

●ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت - سائادەت ۋە شارائىتلىرى ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئە-مەللەر بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

●بىلىڭلاركى، بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر. جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت - ئىجتىھات ۋاقتىدۇر.

●گۈل شۇنچە باراقسان ھەم خۇش پۇراق ئېچىلغان بولسىمۇ، ئاخىر توزۇپ



ھەيدەر سايرانى
( 1886 — 1943 )

تەرەققىيپەرۋەر زات ھەيدەر سايرانى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىنقىلاب تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بەرگەن تەكلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن. 1934 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇيۇشما تەركىبىدىكى نەشرىيات باشلىقى بولغان. 57 يېشىدا جاللات جادۇسىغا بېسىلىپ قۇربان بولغان.

چېچىلىشتىن خالىي قالمىدى. ئادەمنىڭ ئۆمرى شۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشىدىن توزۇغانچـ لىك ۋاقىتتۇر، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلمەي، كۆڭۈللەرنى ئورۇنسىز رەشك ـ ھەسەت زەردابلىرى بىلەن ئۆرتىتىشتىن بىزگە نېمە پايدا بار ؟

● ئىلىم بىلەن نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشنايسەن.

● ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما. بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول.

● ھەركىمنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىغا ئۆزىنىڭ پېئىل ـ ئىتىبارى سەۋەبچىدۇر.

● ئىتتىپاق بۆلۈنمەسلىكتۇر، ئىلگىرىلەش چېكىنمەسلىكتۇر.

● سوئال: ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ ؟

جاۋاب: ھەقىقەت ۋە راستچىللىققا ئەگىشىپ، ئەمەل قىلماق بىلەن بولىدۇ.

● كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما، دوستلار سېنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۈبھىسىزكى، خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشتۇر. گەرچە سېنىڭ سورىغىنىڭ « يول نەدە ؟ » دېگەن سوئال بولسىمۇ.

● تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقلىرى ھەممەتلىك ئىنسانلارنىڭ مېھنەتچان قوللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان. شۇڭا، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

● ئەي، ئالىي مەرتىۋە ئىگىلىرى، ئالىيلىق بىلەن مەغرۇرلانماڭلار. كالا بىلەن چۆرگىلىدىغان بۇ دۇنيا قانۇنىيەتسىز ئەمەس.

● ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا



گۈلەندەم ئاۋۇستەي

( 1973 — 1889 )

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېڭى مائارىپىنىڭ ئايال مەنىۋى ئىنژېنېرى دەپ نام ئالغان گۈلەندەم ئاۋۇستەي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي مەربىيەت باغۋىنى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاپ، بۇ يولدا ئۆچمەس سەھىپە ياراتقان. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ « سۆيۈملۈك ئانىسى » دەپ تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ھەمدە خەلقىمىز قەلبىدە ئۇنىڭ ئوبرازى مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ.

قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ.

● سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەب نېمىدۇر ؟

جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر:

بىرى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق.

ئىككىنچىسى، تەپرىقىچىلىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

ھەرقانداق قوۋم ۋە مىللەتنىڭ خارلىق ۋە قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نادانلىق ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.

● شۇنداق كىشىمۇ باركى، ئۆزىنىڭ مىسچىلىك قەدرى بولسا، ئالتۇن بىلەن باراۋەر قويار. ئازراق بىر نەرسىنى بىلسە، ئۆزىنى ئەفلاتوننىڭ قاتارىغا قويار. تەقۋالىقتا ئۆزىنى خەلىپە مەئمۇننىڭ قاتارىغا قويار. ئەمما بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ئازارىدىن قان يۇتار. خۇدا، مۇنداق كىشىلەرگە ھەرگىز موھتاج قىلمىغىن.

● قەلەم ئەھلىنىڭ ئەدل ـ ئىنساپلىق بولغىنى ( بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمگە ئەلەم يەتمىسە ) ھەممىدىن ئەلا.

● نىيەت قانچە ياخشى بولسىمۇ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

● قانائەت ئەھلى( ئەھلى قانە ) ئەل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەلالىرىدىن سانىلىدۇ. ھەرقانچە ئىززەتلىك، ئېسىلزادە كىشى بولسىمۇ تەمەخور بولسا، ئىززىتى نابۇت بولىدۇ. ئەگەر « قانە » ھەرپىنى ئەكسىچە قۇراشتۇرساق « ئەنقا » بولىدۇ. ئېيتى « ئەنقا » ئاتىلىدىغانلارنى زامانداشلىرىمىزدىن كىم كۆرۈپتۇ ؟! . . . دېمەك، قانائەت ئەھلى ئەنقا كەبى يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

● ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق خارلانغان جايدا، نەپس ۋە نادانلىقنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى



سىبتىۋالدى باي

( 1944 — 1882 )

« ياردەم » شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەرىپەتپەرۋەر ساخاۋەتچى زات، خەلقپەرۋەر كاتتا باي — سىبتىۋالدى باي ئەينى ۋاقىتتا ئۆز شىركىتىنىڭ ساخاۋىتى ئارقىلىق تىكلىگەن يارقىن ئوبرازى، ئىناۋىتى ھازىرغىچە خەلق ئېغىزىدا يادلىنىپ كەلمەكتە.

« ياردەم » شىركىتى قۇرغان مەكتەپلەردە ھېلىھەم ئوقۇغۇچى ئوقۇپ كەلمەكتە.

« ياردەم » شىركىتى قۇرغان دوختۇرخانا، كۆۋرۈك، قەبرىلارنى كۆزتۇش ئورنى ھېلىغىچە ھاياتىي كۆچىنى يوقاتقىنى يوق. خەلقىمىز بۇ ئەزىز پەرزەنتى سىبتىۋالدى باينى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

ئىگەللىشى مۇقەررەر.

● بىز ئۇچۇن قىممەتلىك نەق بايلىق ھېسابلىنىدىغان ئۆمرىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە ئايىغى چىقمايدىغان رەشك خۇسۇمەتلەر ئىچىدە ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. بىز بولساق، بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلارغا پەسەنت قىلماي غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز.

● دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم ئېھتىيات قىلساڭ، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم ئېھتىيات قىل. كۆڭلەرنىڭ بىردە دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالسا، زىيان سېلىشتا دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ.

● مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر.

● كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ، ھەقنىڭ يادى بىلەن ياشا، ئاندىن كىشىلەرنى خالىغىنىڭچە سىناپ كۆر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاياناللارنىڭمۇ بارلىقىنى بايقايسەن.

● ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزۈڭگە « باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار » دېگىن. ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ. ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ.

● مۇھەببەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس.

● ھەربىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئېجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ.

● كۆڭلىدە باشقىلارغا قارا ساناپ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ياشىغان كىشى كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ، ئاجىزلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھەقنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!

● قوشنىلارغا پېشكەللىك يەتسە ياردەم بەرمەسلىك قوشنىنا ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقتۇر.



خەمىت ھەكىمى

( 1939 — 1906 )

تىلشۇناس، دراماتورگ، تەرەققىيپەرۋەر خەمىت ھەكىمى تۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۇ « ئەخمەت سەرراپ »، « ئانارخان » ( قايتا ئىشلەنگەن )، « شەرمەندىلەر »، « سۆلەت » قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان ھەم بىر قىسىملىرىدا ئۆزى رول ئالغان. خېمىت ھەكىمى ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۇرۇشكە زور تۆھپە قوشقان. ئەپسۇس 33 يېشىدا شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن.



ئابدۇللا روزى

( 1945 — 1919 )

ئاتاقلىق ماقالىچى، دراماتورگ، ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا روزى ئۇچتۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۇ «تۇمۇر ئاكا ئويغاندى»، «تەلىم ـ تەربىيە ئوچېركلىرى» قاتارلىق دراما، ماقالىلارنى يېزىپ زور تەسىر قوزغىغان. «ئۇزگەي ئانا» دراممىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى زىلزىلىگە سالغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ قورالىلىق جەڭگە تەييارلىق قىلغان. ئەپسۇسكى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 26 يېشىدا قەتل قىلىنغان.

*دوست دېگەن ساماندەك سەيلىدە، باغدا،*
*ئايرىلۇر دوست ـ دۈشمەن ئەڭ قىيىن چاغدا.*

● بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى يىغىسى دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى ھادىسىلەرنى بىلدۇرگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، قورساقتىن دۇنيانىڭ كەڭرى ياخشى جايىغا چىقىپمۇ يىغلىغىنىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بالا دۇنيانى كۆرۈپلا دۇچ كېلىدىغان ئازابلارنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغاندەك يىغلاپ كېتىدۇ.

● دەۋر بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ، بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ. بەزىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئۇچراشتۇرسىمۇ سەۋر قىل، چۈنكى دەۋر سەۋر قىلمايدۇ.

● قەلەم ئەھلىنىڭ ئاچ كۆز بولغىنى ھەممىدىن يامان. ئۇنداقلار نەپسىنىڭ خاھىشى بىلەن بىرىنى يىغلاتسا، بىرىنى كۇلدۇرىدۇ. بۇنداقلاردىن قايتا ـ قايتا ھەزەر قىلماق كېرەك.

● بىراۋنىڭ ۋەسپىنى قىلغان شائىر شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەقىقىي سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن بولسا، شۇ شائىر دوستلۇققا يارايدۇ. بۇ خىلدىكى شائىرلار ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇركى، ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدا ئەيىب ـ نۇقسان بار ـ يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت بېرىدۇ، ئەيىب نۇقسانلىرىنى تۈگىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

● سوئال: ئىززەت ـ ئابروي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ھەق بىزلەرنى ئىتتىپاقلىققا ئەمىر قىلغاندۇر: «ھەممىڭلار ھەقنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، بۆلۈنمەڭلار».

● كىمكى ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن دۇنيانى ماختىسا، قەسەم

قىلمىشىنى ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر دۇنيانىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ھەسرىتى بولسا، كەلگەنلىكى ئۇنىڭ غېمىنى كۆپەيتىدۇ.

*بەزىلەر بار «گەرچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ،*
*قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟» دېمەيدىغان.*
*خورجۇنىنىڭ ئالدىنىلا كۆرۈپ لېكىن*
*«ئارقا كۆزدە نە بار؟» دەپ غەم يېمەيدىغان.*

● ئەمالارنى دۆت دەپ ئەيىبلىمە. بۇ مەسىلىدە دانالارنىڭ سۈكۈت قىلىشى توغرىدۇر. سەن قارىغۇلاردىن ھايا كۈتمە. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ھايانىڭ ئورنى خارابتۇر.

*پەيتى كەلسە ياخشى مالدىن كەچسەڭ بىراق،*
*ئابرۇيۇڭ مەڭگۈ سەندىن كەتمەس يىراق.*

● خارلىق ھاياتتىن ئۆلۈم گۈزەلرەك. چۈنكى بەزى نومۇسسىز ئىشلارنى ھېچقانداق كىشى ئۆچۈرەلمەيدۇ.

● ئەگەر مەن بىرەر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر ـ قىممەتسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولىدۇ.

● بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا ئالىقىنىنى يۇمۇۋالغانلىقى ھاياتلىقتىكى ھېرىسمەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۇلەر ۋاقتىدا ئالىقىنىنى ئېچىپ قويغانلىقى بولسا، «ئاگاھ بولۇڭلار، مەن دۇنيادىن ھېچنەرسە ئالماي كەتتىم» دېگىنىنىڭ بېشارىتىدۇر.

*باق ئوغلۇم خەلقىڭگە ئىللىق كۆز بىلەن،*
*ھەم كۆرسەت مېھرىڭدىن لۇتفى ئىنايەت.*



كاپىتان نىزاموف

( 1924 — 1978 )

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان ھەمدە ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ تىللاردا داستان بولغۇدەك شان ـ شەرەپلەرنى قوچۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن «پىدائىي» لىق مېدالى، «باتۇرلۇق» مېدالى ۋە «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى ئالغان كاپىتان نىزاموف ئۈچ ۋىلايەت قەھرىمانلىرى قاتارىدا خەلقىمىز قەلبىدە يادلىنىدۇ.

*كىچىككە رەھىم قىل، چوڭغا ئىززەت،*
*خەلق ئەتكەن ھەققىگە قىلما خىيانەت.*

● ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كىچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ.

● بىزنى توغۇپ ئۆستۈرگەن، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتۇپ موللا قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە بېشىدا كۆتۈرۈپ ئابرۇي قىلىۋاتقان ئەزىز يۇرتىمىزنى، ئۇلۇغ خەلقىمىزنى ھەر قاچان ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

● بىر مىللەتتە ئۇلۇغ ئىنتىپاقلىققا يېتەكلىگۈچى مەنىۋى رەھبەر بولمىسا، بۇ قوۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان!

● ئەيىبلىك كىشىلەرنىڭ ئەيىبى بىلەن، پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ پەزىلىتىنى خەلق بىلمەيدىكەن دەپ قالما. چۈنكى، خەلق ئەڭ ئادىل نازارەت قىلغۇچى ( كۆزەتكۈچى ) دۇر.

● ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىنداشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر، ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، ئۆزىگە قارىسا يېتەرلىك ئەيىبلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.

● بېخىللىق، نامەردلىك، ھەممەتسىزلىك، ساخاۋەتسىزلىكلەر ئاللاتائالانىڭ بېخىل بايلارغا بەرگەن ئالىي جازاسىدۇر. ئۇنداقلار ئۆمۈرۋايەت پۇل ـ مالغا ھېرىس بولۇپ، شۇنىڭ كويىدا، شۇنىڭ غېمىدە، شۇنىڭ تەشۋىشلىرى ئىچىدە ئازاب چېكىپ ئۆتىدۇ.

*ئاقىل شۇكى ئۆز ئەيىبىنى كۆرەر ئالدىن،*
*يوق ئۆزگىگە ئازار يەتمەك دەل شۇنىڭدىن.*

● دۇنيادا ئىنتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئەل كۆزلىگەن مەقسەتكە



مۇھەممەت ناپىر
( 1963 — 1910 )

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق قوشاقچىسى مۇھەممەت ناپىر ئوغلى ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ قوشاق توقۇشقا كىرىشكەندىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20 نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا 800 كۇپلېتتەك شېئىر ـ قوشاق، شۇنىڭدەك « تون ۋە تاڭ » داستانىنى يازغان. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغۇسى.

مۇقەررەر يېتىدۇ.

● مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئارزۇلارغا يېتىش مۇقەررەردۇر.

● تارىخ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، بەدەۋىيەتتىن مەدەنىيەتكە، قالاقلىقتىن تەرەققىياتقا، قاباھەتتىن گۈزەللىككە قاراپ راۋاج تاپقان.

● داۋالاش قىيىن بولغان كېسەلگە سەۋر داۋا بولىدۇ.

● ئۆمرىدە مېلىغا ئاپەت تەگمىگەن، دۆلىتى زىيادە بولغان سودىگەر ئۆز مېلىدىن ۋاقتىدا ئۆشرە ـ زاكات ئايرىيالمىغان، غېرىبلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرالمىغان، ئاچلارنى ۋاقتىدا تويغۇزالمىغان، يالىڭاچلارغا تون ياپالمىغانلاردۇر.

● زامان ئەھلى ھەر قاچان ئاگاھ بولمىقى لازىمكى، كىشىنىڭ تېنىدە ئەقىل بىلەن نەپس دائىم ئېلىشىش ئۈستىدىدۇر. نەپس ئادەمنى ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەر، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالار قىزىپ تۇرغان غاپىللىق يولىغا تارتسا، ئەقىل ئادەمنى زاماننىڭ ناشايان ھالاۋەتلىرىگە بېرىلمەسلىككە، ھەرقاچان غاپىللىقتىن ھوشيار تۇرماققا تارتىدۇ. كىمدە ئەقىل غالىپ بولسا، ئۆمۈر بويى پۇشايمان نادامەتتىن خالىي ھالدا شاد ـ خۇراملىققا ھەمراھ بولۇپ ئۆتىدۇ. نەپس غالىپ بولغان كىشى بولسا، ئاخىرغىچە تەمە خارلىقى بىلەن ئۆتىدۇ.

● ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇق قول بولۇش كېرەك، ئۇچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ.

● ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا، ئەقلىدىن باشقىسىنى كېرەكسىز ھېسابلا.

● خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرىدۇ.

● دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۇلۇغ كىشى دۇنيادا باشقىلارغا تايانمايدىغان كىشىدۇر.

● دانىشمەنلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىدۇ. ئولتۇرۇشلارنىڭ تۆرى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن زىننەتلەنگەن بولىدۇ. كۆڭلەر-



يۇسۇپجان مۇسا

( 2002 — 1914 )

بىر ئۆمۈر دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان يۇسۇپجان قەشقەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. كەشمىر، ئىسلامئاباد، لاھور، كاراچى... قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ دارۋازلىق قىلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەھەممەت تۇرسۇن، مەھەممەت ئابباس، نۇرمەھەممەت مەھەممەت... قاتارلىق ئون نەچچە يارامىلىق شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى تەتقىق قىلىپ ۋە خاتىرە قالدۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىپ، بىزنى دارۋازلىق جەمەتىنىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن.

نىڭ بىرىدە مەسىلىلەرنىڭ يۈزى غۇۋالىشىپ قالسا، ھەق يولىنىڭ يۈزى ئۇلار بەرگەن جاۋاب بىلەن نۇرلىنىدۇ. ئۇلار سۈكۈتتە تۇرسا، باشقىلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشىغا ئورۇن قالمايدۇ. گەپ قىلسىمۇ باشقا گەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئورۇن قالمايدۇ.

● مەن قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر كۆڭلۈم خۇشال ياشايمەن. قانداقلا بولسۇن، ئاپەت، زىيانلاردىن قورقۇپ قالمايمەن.

● مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق. مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ۋە ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ؟ سىماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم ـ پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ.

● ئاي ئۆزىنىڭ سەۋرى قىلىشى بىلەنلا ئۇلۇغلۇققا، ئالىي مەنزىلگە ۋە گۈزەللىككە ئىگە تولۇن ئايغا ئايلانغان.

*باشقىلارنىڭ ئەيىبىدىن تىلىڭنى يىغ،*
*بار ئۆزۈڭمۇ تىلى، ساڭا قارالغان تىغ.*

● سۆزنى گىراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ.

● سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ، چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە. ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ، ئايىماي سۆزلە. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزلەردىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ.

● ناۋادا رازى بولسام دوستلىرىمنىڭ ئەيىبىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەيىبلىرىنىمۇ كۆرمەيمەن. خۇددى نەپرەت كۆزى ئەيىبتىن باشقىنى كۆرمىگەندەك دوستلۇق كۆزى ئەيىبلەرنى كۆرۈشتىن ئاجىزدۇر.



ھوشۇر مۇسا

( 1900 — 1976 )

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى، «دۇنيا جىننىس رېكورتى» غا ئېرىشكۈچى ئادىل ھوشۇرنىڭ ئاتىسى، مەشھۇر سېخىي، خەلقپەرۋەر دارۋاز ھوشۇر مۇسا قەشقەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دارۋازلىق جەھەتتىكى ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئەل ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ 1956 ـ يىلى بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ، شىنجاڭدىكى مەشھۇر سىرىكچى، سەنئەتكارلارنى تەشكىللەپ، پۈتۈن شىنجاڭدا سەييارە ئويۇن كۆرسەتكەن ۋە كاتتا شۆھرەت قازانغان.

● ئۇ ئاشىقلارغا تەبەسسۇم قىلغان پېتى كۆرۈنۈۋىدى، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ھەيرانۇ ھەس بولدى. مەن ئۇلارغا زۇلەيخانىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە قارىتا ئېيتقان « سىلەر مېنى ئاشۇنداق گۈزەل ئالدىدا ئېزىققانلىقىمنى ئەيىبلىدىڭلار » دېگەن سۆزىنى دېدىم.

● ئېرىنىڭ پەرمانىدىن چىقماي، ھەم مۇسۇلمانچىلىق، ھەم روزىغار خاتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولغان ئاياللارنى ئىنسان ئەمەس، بېھىشنىڭ ھۆرى دەپ بىلمەك كېرەك. بۇ خىلدىكى خۇتۇنلارغا ئەر بولغانلارنىڭ ئىقبالى ھەر قاچان يورۇقتۇر.

● قاچانكى، ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلسا، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يېتىدۇ، ئىتتىپاقلىق يوقىلىدۇ. ھورۇنلۇق، بىكارچىلىقلار، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر كۆپىيىدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەت كېمىيىپ، شان ـ شۆھرەت خارۇ زارلىققا ئالمىشىدۇ.

● قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

● بەزىلەر مېنىڭ ئۇ مەھبۇبنى ياخشى كۆرگىنىمنى ئەيىبلەشتى. بۇ مالامەتلەر مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. مېنى مالامەت قىلغۇچىلار ئۇ مەھبۇبنىڭ تال ـ چىۋىقتەك قەددى ـ قامىتىنى كۆرگەندە، ماڭا ئۆزرە ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ تەبىئىتى نازۇكلۇقتا ۋە ئەخلاقى ئېسىللىكتە زامانىنىڭ تەڭداشسىزىدۇر.

● مەن شۇنداق كىشىمەنكى، سەممىيلىك ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق مېنىڭ تەبىئىتىمدۇر. ئارتۇقچىلىق، ئەخلاق ۋە ھىممەتلەر مەندە باردۇر. سېخىيلىقىم كاتتىلىق شەرىپىمنىڭ دەلىلىدۇر. خىسلەتلىرىمنىڭ ئەڭ ئەقەللىيسى خەير ـ ئېھسان قىلىش ۋە سېخىيلىق قىلىشتۇر. دانالىق، ئېھتىياتچانلىق، ئىشەنچ، بىلىم ۋە ئىشتىياق، ئىلىم ـ ئېرپان ۋە ھېكمەتلەرمۇ مېنى تونۇيدۇ.



مۇسا ھەبىبۇللا

( 1958 — 1872 )

قەشقەرنىڭ سەمەن دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. تۆت يېشىدىن باشلاپ مەدرىسىدە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئالتە يېشىدىن باشلاپ دار ماھارىتى بويىچە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن. 10 ياشقا كىرگەندە رەسمىي دارۋاز بولۇپ يېتىلگەن.

مۇسا دارۋاز دارۋازلىقتىن تاپقان كىرىمى بىلەن نامراتلارنى يۆلىگەن. كېرىيە ھېيتگاھ جامەسىنى بەشىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياساشقا 130 توپاق چارۋا ئىئانە قىلغان. ئۇ 19 يېشىدا كېرىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، كېرىيە خەلقى ھېلىغىچە ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

● ھەۋەس دېگەنمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭغا پەقەت كاتتا، ئۇلۇغ، سېخىي ئادەملەرلا لايىق كېلىدۇ.

● مەن پاك يىگىتمەن، مېنىڭ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك ئىپپەتلىك بولغان ياخشى ئەخلاقىم تاكى ماڭا كېپەن ھەمراھ بولغانغا قەدەر مەندىن ئايرىلمايدۇ.

● ئەگەر گۈزەللىك ئىگىلىرى سۈيىقەست ئىشلىتىدىغان بولسا، ھاۋايى ھەۋەس ئىگىلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇلارغا باشلىق بولالايدۇ.

● ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ.

● ھەرقانداق ئاساۋ ئاتقا يۈگەن بار. لېكىن ۋاقىت دېگەن ئاساۋ ئاتنى ئارقىسىغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ.

*مالامەتچى ئەزۋەيلىدىڭ بىھۇدە،*
*بەك قارايسەن مۇھەببىتىمنىڭ قىبلەڭمۇ؟*
*مەنمۇ دېدىم ئەزۋەيلەپسەن شۇنچە قىپ،*
*تىڭشىغۇدەك سېنىڭ سۆزۈڭ قۇرئانمۇ؟*

● مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ ئۇچرىشىش، شاد ـ خۇراملىق ۋە دەردلەرگە شىپالىق ئېلىپ كەلگۈچى يېقىنىمنى كۆرۈشتۇر.

● ئۇ ماڭا سالام بەرگەن چاغدا (قوشۇما قاشلىرى بىلەن)، مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويدۇم. بۇ سالام بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ كۆزلەرنىڭ ئوقلىرىنىڭ قەيەرگە تەگكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

● خاتىرجەملىكنى سۆيۈش ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئىشلاردىن توسۇپ، ھورۇنلۇققا ئۈندەيدۇ.



ئۆمەرجان ئىسمائىل

(1945 — 2000)

ئەلگە تونۇلغان شائىر، ئۇسمە كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىسى ئۆمەرجان ئىسمائىل خوتەندە تۇغۇلغان. ئۇ ناھايىتى ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە كەمتەر ئادەم بولۇپ، ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەش ۋە ئاغرىقلارنى داۋالاش جەھەتتە ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپلىگەن شېئىرلىرى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ۋە جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. «جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش» ناملىق كىتابى ئېلان قىلىنىپ قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن.

● مەن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمنى تونۇغانلىقىم بىلەن قىممەتلىكمەن.

● قورال ـ ياراغ تىغىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت باتۇرلارنىڭ قولىدىلا كارغا كېلىدۇ.

● ئارزۇنىڭ چەكسىزلىكى بولمىسا، دۇنيا نېمىدىگەن تار ـ ھە!

● سۈكۈت قىل، سۈكۈت ئازغۇنلۇقتىن نىجات بەرگۈچىدۇر.

● مەن دەرەخ شاخلىرىدىن « نېمە ئۈچۈن قىشتا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، يازدا كىيىم كىيىپ ئوتتۇرغا چىقىسىلەر ؟ » دەپ سورىسام، شاخ: « كۈزدە باھار كېلىش ئالدىدا دەپ ئاڭلاپ، بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىگە سۆيۈنچە قىلىپ كىيىممىزنى بېرىۋېتىدىكەنمىز » دېدى.

● بىر يىگىت بىر قىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ۋىسالىنىڭ كويىدا بولدى. پات پۇرسەتتە قوشۇلالمىدى. سەۋر قىلىپ زېرىكتى. ئارزۇسىغا يېتىشتىن ئا- جىزلىق قىلدى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ھارغۇزدى. ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى.

● قىزىقارلىق ئىشكى، مەن ئۇلارنى سېغىنىمەن ۋە ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىمەن. ھالبۇكى، ئۇلار مەن بىلەن بىللە بولسىمۇ، كۆزلىرىم ئۇلارنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار بولسا كۆزلىرىمنىڭ قارىسىدا، قەلبىم ئۇلارغا تەلپۈنىدۇ. ئۇلار بولسا كۆكرەك قەپىسىم ئىچىدە.

● ئۇ قولىنى كۆكسۈمگە قويدى. مەن: « سەن مېنىڭ ئۆزۈڭ ئاغرىتىپ قويغان يۈرىكىمنى ساقايتىپ قويدۇڭ » دېدىم. ئۇ: « مۇنداق تەمەدە بولما، مېنىڭ كۆزۈم ئوق ئۈزگەن ئىدى، مەن ئوقنىڭ قەيەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ باقاي دېدىم، شۇ » دېدى.

● ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، ھۈنەرنى راستلىق بىلەن قولدىن چىقارغان كاسىپ ئۆمرىدە كەسپى ۋەجىدىن كېلىدىغان ئۇيامتىن خالىيدۇر. بۇ خىلدىكى كاسىپلار ھەرقاچان، ھەريەردە ئېتىبارغا مۇشەررەپتۇر.



جيەن بوزەن
(1898 — 1968)

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخ پەنلىرى ئالىمى، ئۆتكۈر پىكىرلىك شائىر، يېتىشكەن سىياسىي تەھلىلچى.

جيەن بوزەننىڭ 17 پارچە كىتابى، 400 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىلىرى بولۇپ، جۇڭگو تارىخشۇناسلىق سىستېمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئاساس سالغان. « مېنىڭ فامىلەم ۋە ئانا يۇرتۇم » قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆز مىللىتى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختال- غان. ھازىر « تارىخ پېشۋاسى » دەپ قارىلىۋاتقان بۇ ئالىم خورلۇق دەستىدىن ئايالى بىلەن بىرگە دورا ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.

لېكىن شۇنداقمۇ كاسىپلار باركى، كېچەيۇ كۈندۈز كەسپىي كارىغا مەشغۇل بولۇپمۇ، ئىلكىدە تۈزۈك پۇل تۇرمايدۇ، كەسىپ كارى ئىلگىرى باسمايدۇ. بۇنداقلار ھۈنەرنى ھىيلە بىلەن قوشۇپ ساتىدىغانلاردۇر.

● شۇنداق خوتۇنلار باركى، بىھايا ۋە بىنامازلىقتا ئالدىدا تۇرىدۇ، زوۋاندارلىقتا ھېچكىم ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ كۆڭلى ھەرقاچان پاراكەندە تۇرىدۇ. مۇنداق ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن ئاپەت بولۇپ، ھەرقاچان ھەزەر قىلماق لازىمدۇر.

● دۇنيادىكى ئېغىر چىلىقلار ئىچىدە ئىستىقبال قايغۇسى ھەممىدىن ئېغىر.

● بىزدە دىن ئوقۇغان موللىلار يۇرتىنىڭ ياخشى تائامىنى يەپ، سەدىقە – ئېھسانغا دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خالىسانە ئورۇندايدىغان ھېچقانداق مەجبۇرىيىتى يوقتەك يامان بىر ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت توپەيلى بىچارە خەلق جاپالىق ئەمگەكلەر قىلىپ، تاپقان – تەرگىنىنى بىز موللىلارغا يېگۈزۈش، ئالدىغا قويۇپ، دۇئا ئېلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بىز موللىلارمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى تائاملىرىنى يەپ – ئىچىش، نەرسە – كېرەكلىرىگە دۇئا قىلىشقا ئۆگىنىپلا كەتتۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلىرىمىز ئۆز ئەقىدىمىزگە خىلاپ. چۈنكى، نەزىر تائاملىرى ۋە سەدىقە – ئېھساننىڭ ھەقلىق ئىگىسى مىسكىنلەردۇر.

● بىزنىڭ شانلىق تارىخىمىز، سەلتەنەتلىك دەۋرانىمىز، روناق تاپقان زامانلىرىمىز بولغان. لېكىن، بۇ ئۆتكەنكى تارىخ. ھەر ئەۋلاد ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردە تىرىشىپ – تىرمىشىپ بىر ئىش قىلىشى، تارىخ يارىتىپ ئىلگىرىكى تارىخقا ئۇلاپ مېڭىشى لازىم. بىزمۇ ھەم شۇنىڭ ئىچىدە.

● ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر زامان ئۈچۈن تەقدىم ئېتىڭلار. چۈنكى، ئۇلار سىلەر ياشىغان زاماندىن باشقا بىر زاماندا ياشىماق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر.

● سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەر!



پەرىدە قاسىم

(1963 — 2000)

«خارىبىندىكى سۆيىقەست»، «تىنچىسىز قوماباغ»، «قىزچاق، قاچقۇن، ئىت»، «ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى»، «سىرلىق لوپنور كۆلى»، «مۇھەببەتنىڭ پايانى يوق»، «دوزاختا سەپەر» قاتارلىق كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا مۇھىم روللارنى ئېلىپ خەلق قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئارتىس، «ئارزۇ»، «تەشنالىق»، «سۆيىمەن سېنى دۇنيا» قاتارلىق ناخشا لېنتىلىرىنىڭ ئىجراچىسى، داڭلىق ناخشىچى پەرىدە قاسىم 2000 – يىلى قازاقىستاندا بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە بەختكە قارشى قازا قىلغان.

## سارتېكىن نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

1. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى ( 60 يۈەن )
2. يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ( 12 يۈەن )
3. جىگەر كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ( 7 يۈەن )
4. ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى ( 15 يۈەن )
5. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئەزالارنى ئاسراش ( 12 يۈەن )
6. ئەدەپ ئەخلاقتىن تەۋسىيىلەر ( 12 يۈەن )
7. يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر ( 30 يۈەن )
8. مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ( 30 يۈەن )
9. يۈرەكتىن يۈرەككە.... ( 15 يۈەن )
10. شاراب بالاسى ( رومان) ( 25 يۈەن )
11. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرلىرى ( 上下 ) ( 40 يۈەن )
12. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھۆسىن گۈزەللەشتۈرۈش ( 13 يۈەن )
13. قاراقاش مەدەنىيەت تەزكىرىسى ( 28 يۈەن )
14. ئىزگۈلۈك مالائىكىسى ( 12 يۈەن )
15. ئۈژۈلاش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ( 上下 ) ( 25 يۈەن )
16. جەمئىي ئىلاج ( 15 يۈەن )
17. ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش دەستۇرى ( 60 يۈەن )
18. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆز ئەتراپى قورۇقىنى يوقىتىش ( 12 يۈەن )

ئالاقىلاشقۇچى: ئىبزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 8292263 8561756 — 0991

پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: يالقۇنجان ئىسمايىل ئۇيغۇر

# ئەدەپ - ئەخلاقتىن تەۋسىيىلەر

تۈزگۈچىلەر: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
جېلىل ئۆمەر

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
850×1168 مىللىمېتىر، 24 فورمات، 6.5 باسما تاۋاق
2004 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09200—7
باھاسى: 12.00 يۈەن